


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن
سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org



قىزىقارلىق چۆچەكلەر

# ئورتوقماقنىڭ ئاقىۋىتى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى

## قىزىقارلىق چۆچەكلەر (2)

# ئۇر توقماقنىڭ ئاقىۋىتى

ئاپتورى: ئەخمەتجان ئابدۇللا

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

棍棒的传说 ：维吾尔文/艾河买提江·阿布都拉著. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社 ：新疆电子音像出版社，2011.1
（有趣的儿童童话；2）
ISBN 978-7-5469-1423-7

Ⅰ. ①棍… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①童话—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第010237号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 有趣的儿童童话 |
| 书名 | 棍棒的传说 |
| 策划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 主编 | 艾河买提江·阿布都拉 |
| 责任编辑 | 图尔荪古丽·亚森 |
| 特约编辑 | 阿布都外力·阿布都拉 |
| 责任校对 | 买哈巴·铁外库 |
| 特约校对 | 阿斯亚·艾合麦提 |
| 封面设计 | 穆海麦提·库尔班尼亚孜 |
| 绘画 | 阿布力米提·阿布力孜 |
| 书法 | 艾尼瓦·卡森木 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮编 | 830000 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限公司 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 开本 | 850×1168 毫米 1/32 |
| 印张 | 5.125 |
| 版次 | 2011年1月第1版 |
| 印次 | 2011年11月第1次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-5469-1423-7 |
| 总定价 | 36.00元（全三册） |

# مۇندەرىجە


ئاق يۈز بۆجەنىڭ يەسلىگە بېرىشى ........................ 1
ئېشەك مىنگەن پادىشاھ........................... 7
ئات خانىنىڭ مۆڭگۈز تەقسىماتى ................. 19
چۆچەك خالتىسىنىڭ رىۋايىتى ................... 31
قاراقاشلىق ئوغۇل ............................... 40
بوۋاينىڭ ھەسرىتى ............................... 52
موزاي بىلەن تەخەينىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ........... 61
«يالغانچى بالا»نىڭ كارامىتى ..................... 68
ئۇر توقماقنىڭ ئاقىۋىتى ......................... 76
شوخباشنىڭ ئورمان سەپىرى ........................ 80


## باللار چۆچەكلىرىدىن تاللانما


ماختانچاق قۇشقاچ ........................... 95
كۈچۈك بىلەن مۈشۈك ........................ 97
لوقمان ھەكىم ............................... 99
ھۆۋقۇش ................................... 103
ئالما ھەققىدە رىۋايەت........................ 109
تايچاقنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ...................... 116

ئارغىماقنىڭ پاراستى ........ 125
ئانا توشقان بىلەن بالا توشقان ........ 131
ھۆۋقۇش بىلەن ھۆپۈپ ........ 134
خاسىيەتلىك ئالما ........ 139
ھۆپۈپ پادىشاھ ........ 151

# ئاق يۇز بۆجەننىڭ يەسلىگە بېرىشى

بۇرۇن قاراقاش دەرياسى بويىدىكى بىر تەرىپى تەكلىماكان چۆلىگە، يەنە بىر تەرىپى بۇغدا كۆلىگە تۇتىشىدىغان ياپيېشىل چۆپلۈكتە ئاق يۇز ئىسىملىك بىر بۆجەن ياشايدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئاق يۇز كۈندىلىك ئادىتى بويىچە دوستلىرىنى ئىزدەپ چۆپلۈككە چىقىپتۇ. دوستلىرىنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇ نۇرغۇن جايلارنى كېزىپتۇ. ھەركۈنى بىللە سۇغا چۆمۈلۈپ، بىللە قۇمغا كۆمۈلۈپ ئوينايدىغان سىرداش دوستلىرىنىڭ مەھەللىدىن تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى ئاق يۇزنى قاتتىق ساراسىمگە سالىپتۇ.

ئانا بالىسىغا، موزاي كالىسىغا ئەگەشكەندەك، ھەممىدە بىللە يۈرۈپ، ھەممىنى بىللە كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان ئاق يۇز، تايچاقنى ئىزدەپ تاغقا تۆت قېتىم چىقىپتۇ. بوتىلاقنى ئىزدەپ باغقا بەش قېتىم كىرىپتۇ، يەنە تاپالماپتۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە دوستلىرىنى ئىزدەپ ھارغان ئاق يۇز ئۆز- ئۆزىگە:

تاغنى بويلاپ زېرىكتىم،
باغنى بويلاپ زېرىكتىم.
كۆرۈنمەيدۇ دوستلىرىم،
يالغۇز ئويناپ زېرىكتىم.

دەپ قوشاق قېتىپتۇ. ئىچى پۇشۇپ قېرى جىگدىنىڭ كۆتىكىگە منىپ ئولتۇرۇپتۇ. دوستلىرى بىلەن كىپىنەكتەك قوغلىشىپ، ئارغامچىدەك تولغىشىپ ئوينىغان چاغلىرىنى ئەسلەپ دوستلىرىنى قاتتىق سېغىنىپتۇ.

ئاق يۇزنىڭ سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك بوشاپ، توپا باسقان پەغەزدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن شامال موماي ئۇنى نوقۇپتۇ:

نېمە بولدى بۆجەن قىز،
يوقلاپ كەلدۇق سېنى بىز.
كۆرۈنسەن پەرىشان،
دەردىڭ بولسا ئېيتقىن تېز.

ئاق يۇز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا كۆز ئالدىدا شامال موماي نەۋرىلىرى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغۇدەك.

ئەتىگەندىن بېرى دەردىنى تۆكۈشكە دوست تاپالماي ئىچى ئاچچىققا تولۇپ كەتكەن ئاق يۇز، شامال مومايغا دوستلىرىنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يالغۇز يۈرۈپ ئىتتەك زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بوغۇلۇپ يىغلاپتۇ. شامال موماي ئىللىق مېھرى بىلەن ئاق يۇزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ:

قىزىم ئاق يۇزخان،
بولما پەرىشان.
بېرىپ چوڭلاردىن،
سوراپ باق چاپسان.

ئاق يۇز شامال موماينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن بۇرگىدەك سەكرەپ، تۆگىدەك توختاپتۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە دوستلىرىنى نىشانىسىز ئىزدەپ ئاۋارە بولغۇچە چوڭلاردىن سوراپ بىقىش ئەقىلگە كەلمىگەن ئاق يۇز، شامال مومايغا تەكلىماكاندىكى قۇمدەك كۆپ رەھمەت ئوقۇپتۇ. شامال موماينىڭ چوڭ نەۋرىسى ئۇچقۇرغا مىنىپ مەھەللىگە قاراپ يۇرۇپتۇ. دېگەندەك مەھەللە ئېغىزىدا ئاق يۇزگە قوي ھەدە ئۇچراپتۇ. ئاق يۇز خۇشاللىقىدىن قوي ھەدىنىڭ ئالدىنى توسۇپ سوراپتۇ:

توختاپ تۇرۇڭ قوي ھەدە،
خوپ كۆرۈشتۇق بۇ يەردە.
يالغۇز يۇرۇپ زېرىكتىم،
قوزا دوستۇم ئۇ نەدە؟...

يوقاپ كەتتى دوستلىرىم،
تۆت كۈن بولدى مەللىدىن.
كۈندە ئىزدەپ، ساقلىدىم،
ھېچ خەۋەر يوق ھەممىدىن...

قوي ھەدە ئاق يۇزنىڭ دوستلىرىنى ئىزدەپ كۆپ ئاۋارە بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاق يۇزگە چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:

توشتى ئوغلۇم قوزىنىڭ،
يېشى بۇ يىل ئالتىگە.
تەربىيلەشكە بەرگەنتىم،
ھەپتە بولدى يەسلىگە.

كۆردۈم بۇگۈن يەسلىدە،
تايچاق بىلەن موزايىنى.
بەلكىم ھەممە دوستلىرىنىڭ،
ماكان قىپتۇ شۇ جايىنى.

ئاق يۈز قوينىڭ سۆزىدىن ھەيرانلىق ھېس قىپتۇ.

تۇغۇلۇپ مۇشۇ چاققىچە ئاتلاپ باقمىغان يەسلى توغرىسىدىكى پاراڭ ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپتۇ. قوي ھەددىدىن زىيادە كۆچلاپ سوراپتۇ:

ئېيتە ماڭا قوي ھەدە،
ھەيران بولدۇم بىر ئىشقا.
قوزىچاقنى يەسلىگە،
ئاپىرىپ قويدۇڭ نېمىشقا؟...

يەسلى دېگەن نېمە ئۇ؟
كەمپۈتمۇ يا ناۋاتمۇ؟
نېمىلەر بار ئۇ يەردە،
مەھەللىدەك ئاۋاتمۇ؟

ئاق يۈزنىڭ قىزىقىشىدىن مەمنۇن بولغان قوي ھەدە قولىدىكى ئىشنى يىغىشتۇرغاچ:

يەسلى دېگەن بىر باغچا،
ئىچى شادلىق گۈل تولغان.

چوڭ ئوغلۇممۇ شۇ جايدا،
بەك ئەدەپلىك چوڭ بولغان.

ئۆگىنىدۇ ئۇ جايدا،
بالىلارغا ئىلىم - پەن.
تەربىيەسى بەك ياخشى،
ياقتۇرىمەن شۇڭا مەن.

نىمە يېسەڭ شۇ تەييار،
لەغمەن، پولۇ، چۆچۈرە.
ئۆز ئاناڭدەك مېھرىبان،
بالىلارغا ئۇستازلار.

ئىشەنچىم بار يەسلىگە،
مەن قوزىدىن خاتىرجەم.
ياشاپ ئۆزى مۇستەقىل،
كۆنۈش كېرەك ھەر ئادەم.

دەپتۇ. ئاق يۇز قوي ھەدىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دوستلىرىنى تاپالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپتۇ. دوستلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ھاياجاندا توۋلاپتۇ:

ھە، چۈشەندىم، چۈشەندىم،
مۇنداق ئىكەن ئەسلىدە.
دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى،
بار ئىكەنغۇ يەسلىدە.

بېرىپ دەيچۇ ئاناмغا،
مەن يەسلىگە باراي دەپ.
بارغىن دېسە جان ئانام،
مەنمۇ ئارام ئالاي دەپ.

يەسلىدىكى دوستلارغا،
بولسام مەڭگۇ ھەمنەپەس.
دوستىسىز ئۆتكەن تۆت كۈنۈم،
خەير، ئەمدى بولدى بەس.

ئاق يۈز خۇشاللىقدا يەسلى ئالدىغا قانداق كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەپتۇ، دوستلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى دەرۋازىدىن ئېتىپتۇ.

# ئېشەك مىنگەن پادىشاھ

بۇرۇن بۇرۇندا، مۇشۇ ئورۇندا، كىگىزدىن بورا قىممەت، ئۆرۈكتىن غورا قىممەت، نوگايدىن قاپاق قىممەت، قوغۇندىن شاپاق قىممەت چاغلاردا، بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

كىچىكىدىن كەمبەغەل ئائىلىدە چوڭ بولۇپ، تۇيۇقسىز ئامەت قۇشى قونۇپ بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەن بۇ پادىشاھ ئەل - يۇرتقا تولىمۇ كۆيۈنىدىكەن. يۇرت خەلقىمۇ بۇ ئادىل پادىشاھنىڭ شاپائىتى ئاستىدا چوڭ - كىچىك، سىمىز - ۋىجىك دېيىشمەي، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۆم - ئىناق ياشايدىكەن. ياشلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ھەممە تەڭ بەھرىمەن بولسا، قېرىلارنىڭ قايغۇسىدىن تەڭ ياش تۆكىدىكەن. پادىشاھمۇ ئۇلارغا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىكەنكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، يۇرۇقچاشتىن قاراقاشقىچە بولغان جىمى ئەلنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدىن تارتىپ، بەخت - سائادەت، راھەت - پاراغىتىغىچە ھەممىدىن تامامەن خەۋەردار ئىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ دائىملىق ئادىتى بويىچە ئىككى ۋەزىرنى قوبۇلغا چاقىرتىپ، ئەل - يۇرتنىڭ ھازىرقى ئومۇمى ئەھۋالىدىن بىر قۇر خەۋەر تېپىپتۇ، خەلقنىڭ كۆڭلىسىرى باياشاتلىنىۋاتقان تۇرمۇش پاراغىتىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئەمگەكچان

خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە، غەيرەت ـ شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. قوبۇلدىن كېيىن يالغۇز قالغان پادىشاھ ئۆز ـ ئۆزىگە :

خان بوپتىمەن بۇ ئەلگە،
ئون بەش باھار، ئون بەش ياز.
كۈندە ئوردا ئىچىدە،
ئۆتۈپتىمەن ئاتلاپ ساز.

نەدە ئەلنىڭ تۇرمۇشى،
ئاتلاپتىمەن ۋەزىردىن.
ئۆزۈم بىر رەت ئەل ئۈچۈن،
ئۆتمەپتىمەن جەزىردىن.

بۈگۈن يەنە بىكارغا،
ئولتۇرغۇچە تەختتە.
كۆرۈپ كەلسەم بولمامدۇ،
خەلقىم قايسى بەختتە.

دەپتۇ ـ دە، ئەل ئىچىنى خۇپىيانە ئايلىنىپ ئەلنىڭ دەردىنى ئاتلاپ رەنجىگە داۋا، ھاجىتىگە راۋا بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ ئۈستىدىكى ئېسىل تاج ـ كىمخابلىرىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي ئوردىدىن ئايرىلىپتۇ.

بېشىغا پاختەك رەڭ خامدا ئورالغان تەتىندەك چوڭ سەللە

كىيىپ، ئۇچىسىغا ئاق ـ قارا يوللۇق ئۇزۇن يەكتەك كىيۋالغان پادىشاھ، ئەمەدىلىكتە بۇ يۇرتنىڭ خانىغا ئەمەس، مەدرىسە ئۇستازلىرىغا ئوخشاپ قاپتۇ. ھېچكىم ئۇنى تونۇيالماپتۇ. پادىشاھ ئورددىن چىقىپ تۇنجى بولۇپ، ئېشەك يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر ئوتۇنچى بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ. چىرايى گۇلدەك قورۇلۇپ، ساقىلى قاردەك ئاقارغان ئوتۇنچى بوۋاي پادىشاھقا يىنىك ئېگىلىپ، ئىللىق سالام قىلىپتۇ. پادىشاھ ئوتۇنچى بوۋاينىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ. ئۇنىڭ شۇنچە قېرىپ مۈكچىيىپ كەتسىمۇ، ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي، تىنىمسىز ئىشلەۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بوپتۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن :

قېرىپ قاپسەن جان بوۋا،
نەدىن كەلدىڭ شۇ تاپتا.
ئارام ئالساڭ بولمامدۇ،
قاق بولغۇچە ئاپتاپتا.

نىمە ھاجەت، نىمەڭ يوق،
ئېيتە بوۋا كىمىڭنى.
داۋا بولاي دەردىڭگە،
راۋا قىلاي غىمىڭنى.

دەپ سوراپتۇ ۋە يەكتىكىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىر نەچچە تىللانى ئېلىپ، ئوتۇنچى بوۋايغا سۇنۇپتۇ. ئوتۇنچى بوۋاي يىرىم يولدا ئۇچرىغان بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ سەۋەبسىزلا ئۆزىگە ياردەم قىلماقچى بولغىنىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇپتۇ.

لازىم ئەمەس پۇلىڭىز،
ھېچنېمىدىن غېمىم يوق.
راست قېرىدىم، ياشلاردىن،
شىجائەتتە كېمىم يوق.

تۇرمۇشىمىز بەك ئوبدان،
يوقتۇر ئازاب ـ ئاھىمىز.
كۆڭۈلدىن ـ كۆڭگە بېيىدۇق،
ئادىل بولغاچ شاھىمىز.

چىن دىلىمدىن تەشەككۇر،
بۇ زامانىنىڭ خانىغا.
ياشاپ كەتسۇن ئۆمىنىڭ يىلى،
جان قوشۇلۇپ جانىغا.
....

دەپ يولىغا راۋان بولۇشقا تەمشىلىپتۇ.

ئوتۇنچى بوۋاينىڭ سۆزىدىن خەلقىنىڭ تولۇپ تاشقان جاسارىتىنى، خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىنى ھېس قىلغان پادىشاھ ئۆز خەلقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپتۇ، ئوتۇنچى بوۋايغا بۇنداق ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق پۇل ـ پۇچەك بەرسە ئالغىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال ئوتۇنچى بوۋايغا دەپتۇ :

قالدىم بوۋا پىيادە،
سېتىپ بەرسەڭ ئېشەكنى.
داۋام قىلسام يولۇمنى،
بېسىپ نەرسە ـ كېرەكنى.

باشقا ئېشەك ئېلىۋال،
ھېلى بوۋا شەھەردىن.
بولسۇن ماڭا ياردىمىڭ،
زەپەر قۇچاي سەپەردىن.
.....

پادىشاھنىڭ ئۆزىگە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىدىن خىجىل بولغان ئوتۇنچى بوۋاي، پادىشاھقا ئېشىكىنى سېتىپ بېرىشكە قوشۇلۇپتۇ.

ئوتۇنچى بوۋايدىن ئېشەكنى مەقسەتلىك ھالدا قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن ئوتۇنچى بوۋايغا ياردەم قىلىش مەقسىتىگە يېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا مۇئەداش ھەمراھقا ئىگە بولغان پادىشاھ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققانلىقىدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ، ئوتۇنچى بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئوتۇنچى بوۋايدىن سېتىۋالغان قارا ئېشىكىگە مىنىپ نۇرغۇن يۇرت ـ مەھەللىلەرنى ئارىلاپتۇ. تاغ ـ داۋانلارنى چارلاپتۇ. نەگىلا بارمىسۇن خەلقنىڭ ھالىنى سوراپتۇ. ئاجىز ـ مىسكىنلەرنىڭ مۇڭىغا مۇڭ بوپتۇ. يېتىم ئوغۇل، يېتىم قىزنىڭ ھەققىنى يەيدىغان، بۇ جاھان بىزنىڭ دەيدىغان جازانىخور بايلارنىڭ، پارىخور بەگلەرنىڭ دەككىسىنى بېرىپ بابلاپتۇ.

پادىشاھ مۇشۇ ھالدا يۇرت ئايلىنىپ، بىر مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا كەلسە ياغاچ ئەگۈنلۈك، قىيسىق ھويلا ئىچىدىن بىر كىچىك قىزچاقنىڭ زار ـ زار يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ ھويلا ئىچىگە كىرىپ قارىسا، ئون نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئىشىك بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانىكەن. پادىشاھ بۇ قىزچاقنىڭ ساماندەك سارغايغان مەڭزىنى، تامدەك تاتارغان

لەۋلىرىنى كۆرۈپ بىر شۇملۇقنى ھېس قىلىپ، ھېلىقى قىزدىن سوراپتۇ :

نېمە بولدۇڭ ئۇز قىزىم،
بۇنچە يىغلاپ كەتكىلى.
چىقمىدىمۇ بىرەرى،
ھال ـ مۇڭۇڭغا يەتكىلى.

نەگە كەتتى باشقىلار؟
بوزەك قىلدى سېنى كىم؟
ئېيتە قىزىم ئەھۋالنى،
تۇرۇۋالماي ئەمدى جىم.

قىزچاق پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھۆركىرەپ يىغلاپتۇ. پادىشاھ قىزچاققا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، باغرىغا بېسىپتۇ. ئاتىلىق مېھرىگە قانمىغان بۇ كىچىك مەسۇمەگە ھاياتنىڭ ئىللىقلىقىنى قايتىدىن ھېس قىلدۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆيۈنگەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن قىز ئەينى ئەھۋالنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ :

يۇرتىمىزدا بىر باي بار،
ئىسمى ئۇنىڭ قاسىم تاز.
ئىشلەر ئىدى جان دادام،
قاسىم تازغا قىشمۇ ياز.

قالدى ئانام ئاغرىپ،
چۇشۇپتىكەن ئۆتكە تاش.

پۇل بولمىغاچ دورىغا،
غەمگە پاتتۇق، قاتتى باش.

بارغانىدى جان دادام،
قاسىم بايدىن پۇل سوراپ،
تۇرغانىكەن شۇ چاغدا،
قاسىم بايمۇ بەك شوراپ.

كۆزلىرىنى ئالايتىپ،
دەپتۇ شۇئان قاسىم باي.
«نىمە ھەقكەن يىل توشماي،
بىر يىل دېگەن ئون ئىككى ئاي.

نەگە بارساڭ بار ئابدال،
بىز كېلىشكەن بىر يىل دەپ.
ئون بىر ئايدا ھەق ئېلىش،
ئەخمىقانە قۇرۇق گەپ...»

يوق باناادا پىخسىق باي،
ھەق بەرمەپتۇ دادامغا.
ئويلاڭ، يۈرەك چىدامدۇ،
دورا قىلماي ئانامغا.

قاسىم بايغا يالۋۇرۇپ،
دادام ھەقنى بەر دەپتۇ.

تاكاللىشىپ ئىتتىرىشىپ،
قاسىم پىخسىق بەرمەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى،
قاپتۇ ئۇرۇش - جېدەلگە.
كېيىن قاسىم خىرقىراپ،
يۈز تۇتۇپتۇ ئەجەلگە.

شۇ سەۋەبتىن دادامنى،
كىشەن سېلىپ بويىنغا.
ئېلىپ كەتتى بەش چىرىك،
بەگ ئۆلتۈرغان ھويلىغا.

ئۆلتۈرغانتىم بۇ جايدا،
ئويلاپ كېسەل ئانامنى.
قۇتقۇزالماس ھېچ كىشى،
بەگ قولىدىن دادامنى.
......

قىزچاقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ پادىشاھ غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ. يەنە كېلىپ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇ زاماندا يۈز بېرىۋاتقان، ئۆز قولىقى بىلەن خەۋاردار بولۇپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمىغان پادىشاھ ئىككى ۋەزىرىنىڭ ھەر قېتىم ئادىللىق، ئادالەت توغرىسىدا سۇنغان مەلۇماتلىرىغا چەكسىز نەپرەت ئوقۇپتۇ. كونىلار ئېيتقان «كىچىك

بالا راست گەپ قىلدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم چۈشىنىپ، قىزچاققا دەپتۇ :

خاتىرجەم بول داداڭنى،
قۇتقۇزۇشقا ئۆزۈم بار.
مەن بار يەردە ئادىللىق،
ئاق كۆڭۈللەر بولماس خار.

جۇر ئاناڭنىڭ قېشىغا،
قىزىم بىللە كىرەيلى.
ساقىيدۇ ئۇ چوقۇم،
بىز تەسەللى بېرەيلى.

يۇرت بېگىنىڭ زالىملىقىدىن خەۋەرسىز بۇ كىشىنىڭ ئۆزگە ياردەم قىلماقچى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان قىزچاق بۇ ئاق كۆڭۈل شاپائەتچىنىڭ بىرەر خېيىم- خەتەرگە يولۇقۇشىدىن ئەنسىرەپ پادىشاھقا دەپتۇ :
سىز بىلمەيسىز جان بوۋا،
يۇرت بېگىمىز بەك زالىم.
كىم ئۇنىڭغا پۇل بەرسە،
بولار ئاڭا مۇلازىم.

ئۆزى بىرتەن، بىر جاندا،
بولمىسىلا ئون بېشى.

تەڭ كېلەلمەس ئۇنىڭغا،
بۇ ئىقلىمدا ھېچ كىشى.

قىزچاق شۇنداق دېگىنىچە پادىشاھ بىلەن يا ئانىنىڭ قېشىغا كىرىشكە، يا دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىشقا قوشۇلماپتۇ. پادىشاھنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى رەت قىلىپتۇ.

ئەمدىلىكتە پادىشاھ قىزچاققا ئەينى ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق بەگىدىن نەچچە ئونىمىغىنى بويسۇندۇرىدىغان پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىسا بۇ دەۋانى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، قىزچاقنىڭ بىگۇناھ دادىسىنى قۇتقۇزۇشى قىيىنغا چۈشىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپتۇ.

بىر ئاش پىشىم ھال - مۇڭ پارىڭى قايناپ، بازاردەك قىزىغان ھويلا ئىچى قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كېتىپتۇ.

قىزچاق تېلېۋىزوردا كۆرگەن، چۆچەكلەردە ئاڭلىغان پادىشاھلارنىڭ شاھانە كىيىنىشى بىلەن كۆز ئالدىدىكى بېشىغا سەللە، ئۇچىسىغا ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېچقانداق تەختىراۋاندا ئولتۇرماي ئېشەك مىنىۋالغان بۇ كىشىنى كۆڭلىدە قاتتىق سېلىشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىگە ئەسلا ئىشەنمەپتۇ.

مەن كۆرگەن خان، پادىشاھ،
يۇرمەس سىزدەك ئېشەكلىك.
باردۇر ئۇنىڭ كىمخابى،
جۇلدۇر - جۇلدۇر بىزەكلىك.

قېشىڭىزدا بولمىسا،
بىرەر لەشكەر، ۋەزىرىڭىز.
يا بولمىسا بۇ ياقتا،
خان كەلدى دەپ خەۋىرىڭىز.

قاراڭ، بوۋا تۇرقىڭىز،
يوقتۇر شاھلىق سالاپەت.
بۇ تۇرقتا بەگ سىزگە،
قىلماس ھەرگىز ئىتائەت.

پادىشاھ قىزچاقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ چىچەن - زېرەكلىكىگە بارىكاللا ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ خانلىق مۆھرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ راستتىنلا پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپتۇ.

كۆز ئالدىدىكى بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ راستتىنلا پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلگەن قىزچاق قورققىنىدىن قاتتىق ھودۇقۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قىزچاقنىڭ يول باشلىشى بىلەن يامۇلغا بېرىپ ئۇنىڭ دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. ئانىسىنى داۋالىتىپ، بەختلىك بۇ ئائىلىنى قايتىدىن جەم قىپتۇ، ھېلىقى پارىخور، ئاچ كۆز بەگنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ خەلقنىڭ ھالىغا يېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى خەلقئالەمگە يەنە بىر قېتىم نامايان قىپتۇ.

كېيىن پادىشاھ سەپىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردىمۇ يوق بۇنىسى نامەلۇم.

لېكىن ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۆتكەندە يۇرتىمىز قاراقاشقا كېلىپ

چۆچەك خالىسنى يىتتۇرۇپ قويغان نەسىردىن ئەپەندىنىڭ چىراي شەكلى، كىيىنىش قىياپىتى پادىشاھقا بەكمۇ ئوخشارمىش. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە: نەسىردىن ئەپەندىم دەل ئاشۇ پادىشاھ ئىكەن. ئۇ تا ھازىرغىچە ئوتتۇنچى بوۋايدىن سېتىۋالغان قارا ئېشەككە مىنىپ ئوردىغا قايتماي ئەل ئارىسنى ئارىلاپ يۈرگۈدەك.

كىچىك دوستلار مەنمۇ دەسلەپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىگە سىلەردەك ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن. لېكىن ئويلاپ باقايلى، بىز ھەر قېتىم نەسىردىن ئەپەندى توغرىسىدىكى چۆچەك - لەتىپىلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا ھامان ئۇنىڭ زالىم باي - پومېشچىكلارنى، پارىخور بەگ - ئامباللارنى مازاق قىلىپ، دەككىسنى بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

شۇنچە كۆپ خەلقنى بوزەك قىلىپ، ئەل - يۇرتنىڭ قان - تەرىنى سۈمۈرگەن بۇ قانخور زالىملارنىڭ نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ھېچ قارشىلىقسىز باش ئەگكىنىگە قارىغاندا ئېنىقكى يا پادىشاھ — نەسىردىن ئەپەندى، يا نەسىردىن ئەپەندى — پادىشاھ.

# ئات خانىنىڭ مۇڭگۈز تەقسىماتى

ئىت - بۆرە، شىر - تۆرە باشچىلىقىدىكى گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ئوتلاقنى ئاسايىشلىققا ئېرىشكەن ئات، تۆگە، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلار ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق ئاتنى ئوتلاققا پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئوتخور ھايۋانلارنىڭ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشى باشلىنىپتۇ.

ئوتلاقتىكى ئاجىز، ياۋاش بىر ئەلنىڭ زامان ئادالىتىنىڭ تۇرتكىسىدە قولنى قولغا تۇتۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ مىڭ جاپا - مۇشەققەتتە ئۆز ئەركىگە قايتىپ خانلىق قۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان، ئۇچار قۇشلار پادىشاھى ھۆپۈپنى تارتىپ دېڭىز مەملىكىتىنىڭ شاھىنشاھى تاشپاقىغىچە ھەممە ئوتلاق پادىشاھلىقىنى ئالقىشلاپ ئات خانغا تەبرىك يوللاپتۇ:

سالام ئات خان مۇبارەك،
ئولتۇرۇپسىز تەختكە.
بارچە ئوتخور قېرىنداش،
ئېرىشىپتۇ بەختكە.

ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى،
تېتىپسىلەر ئاخىلدۇق.

چىن بەختىنىڭ يولىنى،
تېپىپسىلەر ئائىلىدۇق.

شۇ تاپ شادلىق بەھرىدىن،
قۇت يېغىپتۇ ئوتلاققا.
خۇشاللىقتا كەڭ جاھان،
تار كېلىپتۇ بوتىلاققا.
......

قوشنا ئەللەردىن توختىماي كېلىۋاتقان ئالقىشنامىلەر ئوتلاقتىكىلەرنى تېخىمۇ ئۈمىدلەندۈرۈپتۇ. خانىدانلىقنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپتۇ، ھەممە ئوتلاق ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا قەسەم قىلىشىپتۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئات خان ئاق كۆڭۈل پۇقرالىرىنىڭ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆزىگە ئەگىشىپ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش جەريانىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنى قايتا ئەسلەپتۇ. مەيلى مۇشۇ ئوتلاقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر بولسۇن، مەيلى كېيىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولسۇن ھەممىسى بۇ قېتىمقى جەڭدە ئات خاندا ئاجايىپ ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرۇپتۇ. تۆگىدىن تارتىپ بوتىلاققىچە، ئۆچكىدىن تارتىپ ئوغلاققىچە ھەممىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، خانغا بولغان ئىتائەتمەنلىكى ئات خاننى تولىمۇ سۆيۈندۈرۈپتۇ. ئات خان ئويلا-ئويلا ئاخىرى بۇ قېتىملىق جەڭدە ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسەتكەن بىر نەچچە پالۋاننى تارتۇقلاپ، ئوتلاقتىكىلەرنىڭ غەيرەت-جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئات خان ۋەزىر قىچىرنى چاقىرىپ:

قۇلاق سالغىن قىچىر باي،
مەن چۈشۈرگەن پەرمانغا.
دەرھال بېرىپ يەتكۈزگىن،
ئوتلاقتىكى ھەر جانغا.

ئاشۇ كۈنى جەڭگاھتا،
جاپا چەكتى ھەممە ئەل.
خۇلاسە شۇ يارلىقتىن،
ئەل ئىچىنى كېزىپ كەل.

سىلىشتۇرۇپ باھالاپ،
يۇرتداشلارغا قاراپ چىق.
ئۇشبۇ جەڭدە كىمنىڭكى،
تۆھپىسى جىق، كۈچى جىق.

تۆھپىسى زور بەش دوستنى،
تارتۇقلايلى خانلىقتىن.
ئادىل بولسۇن باھالاش،
گەپ چىقمىسۇن ئارلىقتىن.

......

دەپتۇ. جەڭدە تۆھپىسى زور بولغان بەش دوستنى تاللاپ مۈڭگۈز بىلەن مۇكاپاتلاشنى تاپىلاپ يولغا ساپتۇ.

ۋەزىر قىچىر ئات خاننىڭ يارلىقى بويىچە ئوتلاقتىكى جىمى ئەلنى ئوتلاقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قېرى چىنارنىڭ تۈۋىگە يىغىپ، ئات خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئوتلاق خەلقى ئات خاننىڭ يۇرتداشلارغا قىلغان تۈنجى شاپائىتىدىن سۆيۈنۈپ جەڭدە تۆھپىسى زور بولغان قېرىنداشلارنى باھالاپ تاللاشقا كىرىشىپتۇ.

ئۇيان كېڭىشىپ، بۇيان كېڭىشىپ يۇرتداشلارنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە بۇغا، كەركىدان، ئۆچكە، قوي، ئۆكۈز، ئېشەك قاتارلىق ئالتە پالۋان تاللاپ چىقىلىپتۇ. تاللاش - تاللىنىش ئادىل، يۇرتداشلارنىڭ باھالاپ چىققان نامزاتلارنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور بولغاچقا، ۋەزىر قىچىر ئەل رايى بويىچە ئالدىنقى تۆت مۈڭگۈزنى بۇغا، كەركىدان، ئۆچكە، قوي قاتارلىق تۆت پالۋانغا تەقدىم قىلىپتۇ.

ئەمدى گەپ ئاخىرقى بىر مۈڭگۈزنى ئۆكۈز بىلەن ئېشەكنىڭ قايسىسىغا بېرىشتە قاپتۇ. ئۆكۈزگە بېرەي دېسە ئېشەكنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ، ئېشەككە بېرەي دېسە ئۆكۈزمۇ بۇ قېتىملىق جەڭدە ئەلۋەتتە بوش كەلمىگەن. بۇ ئىشتا قىچىر ۋەزىرنىڭ بېشى قاتتىق قېتىپتۇ.

يۇرتداشلارمۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلسا چوقۇم بىر قېرىندىشىغا ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئاخىرقى تاللاشنى ۋەزىر قىچىرغا قويۇپ ئارتۇقچە پىكىرنى رەت قىلىپتۇ.

بۇ قېتىملىق ھۆكۈمنى توغرا چىقىرالماي ئوتلاقتىكىلەرنىڭ سۆز- چۆچەككە قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ۋەزىر قىچىر دەرھال ئەينى ئەھۋالنى ئات خانغا مەلۇم قىلىپتۇ.

سالام شاھىم ئاق بوز ئات،
سۇناي سىزگە مەلۇمات.
سەپداشلارغا مۇڭگۈزنى،
قىلدىم مۇنداق تەقسىمات.

خەۋىرىڭىز بار خانلىقتىن،
چىقىم قىلدۇق بەش مۇڭگۈز.
تەڭشەپ بەردىم دوستلارغا،
كېلىشتۇرۇپ يۈزمۇيۈز.

بۇغىنىڭ بولدى ئات شاھىم،
سىز بۇيرۇغان شاخ مۇڭگۈز.
كەركىدانىنىڭ ئىلكىدە،
قالدى قاتتىق تاق مۇڭگۈز.

ئۆچكە ئالدى ھىلقى،
خەنجەرسىمان مۇڭگۈزنى.
بەردىم ھە، راست قوچقارغا،
چەمبەرسىمان مۇڭگۈزنى.

باھا سۆزدە تەڭ چىقتى،
ئۆكۈز بىلەن ئېشەكباي.
ئېشىپ قالغان مۇڭگۈزنى،
قالدىم تەقسىم قىلالماي.

قالدى شۇئا مۈشۈكسىز،
ئېشەك بىلەن بوز ئۆكۈز.
بەك قاتۇردى بېشىمنى،
ئىگە ئىككى، بىر مۈشۈك.

دەرھال يارلىق بەرسىڭىز،
قايسى لايىق مۈشۈككە.
ياكى مۈشۈك بەرمەمدۇق،
ئېشەك بىلەن ئۆكۈزگە.
......

قېچىر ۋەزىرنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغان ئات خان تەمكىنلىك بىلەن بىر ئاز ئويلىنىپ، يەنە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ:

يارلىق ئۆكۈز، ئېشەكباي،
ھەمراھ بولسۇن ئىنسانغا.
ئىشلەپ باغدا، ئېتىزدا،
ياردەملەشسۇن دېھقانغا.

مەھەللىدە ئۆتكۈزسۇن،
قىرىق كېچە ـ كۈندۈزنى.
قايسى ياخشى ئىشلىسە،
شۇنىڭغا بەر مۈشۈكنى.

ۋەزىر قېچىر ئات خاننىڭ يارلىقنى ئېلىپ، ئوتلاق خەلقىنى قايتا جەم قىلىپ، ئەل ـ جامائەتكە جاكارلاپتۇ:

يارلىق چۈشتى ئات خاندىن،
ئۆكۈز بىلەن ئېشەكباي.
ياردەملىشەر دېھقانغا،
مەھەللىدە ئۈچ - تۆت ئاي.

رازى قىلسا قايسى ئەڭ،
ئول دېھقاننى كۈچىدە.
ھەمراھ بولۇپ ئېتىزدا،
قىسقا مۆھلەت ئىچىدە.

شۇ ئالىدۇ مۈڭگۈزنى،
ئەل سەمگە سەپ قويدۇم.
ئۇشبۇ يارلىق شەرتىنى،
دېھقانغىمۇ دەپ قويدۇم.

قېنى ئۆكۈز، ئېشەكباي،
ئاتلىنىڭلار سەپەرگە.
نېسىپ قىلسۇن ئىلاھىم،
ئېرىشىشكە زەپەرگە.
......

ئۆكۈز بىلەن ئېشەكباي ۋەزىر قېچىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئوتلاقتىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، مەھەللىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىيالىغا تۇتقۇن بوپتۇ. ئېشەك ئۆز-ئۆزىچە: مەن دېگەن خانلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قاراۋۇلى.

ئۆكـۈزدەك ئـاددىي پۇقرانىـڭ مەن بىـلەن مۇڭـگـۈز تالىــشىش سالاھىيتى يوق. ئات خان شـەكىل ئۇچـۇن ئۆكـۈز ئىككىمىزنـى بەسلەشتۇرۇۋاتقان چېغى. بۇ تارتۇق ھامان ماڭـا مەنـسۇپ، دەپ ئويلاپتۇ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ، يولىغـا راۋان بوپتـۇ. ئۆكۈزمۇ بۇ قىممەتلىك تاللاشتا شاللىنىپ مۇڭگۈزگە ئېرىشەلمـسىمۇ، خــان يـارلىقىنى ئورۇنداشـنىڭ ئـۆزى ئۇچـۇن چەكـسىز بەخـت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇمۇ مەھەللىگە ئالدىراپتۇ. ئۇلار ماڭا-ماڭا مەھەللىگە كېلىپ دېھقـان بىـلەن كۆرۈشـۈپتۇ. بـۇ ئىككـى ھەمراھنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقـان دېھقـانمۇ، ئۇلارنـى ناھايىتى قىزغىن كۇتۇۋاپتـۇ. شـۇنداق قىلـىپ، ئېـشەك بىـلەن ئۆكۈزنىڭ مەھەللىدىكى يېڭى تۇرمۇشى باشلىنىپتۇ. ئارىدىن ھەپـتە ئۆتۈپتۇ. دۇشەنبە كەچ بولۇپ، يەنە دۇشەنبە تاڭ ئېتىپتۇ. بۇ دەل ئېتىز - باغلاردا ئەمگەك قايىنغان چاغ بولغاچقا، دېھقـان ئېـشەكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئـۆزى بىـلەن ئېتىزغـا بىلـلە چىقىـپ ئىشلـىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئوتلاقتىن مەھەللىگە كەلگۈچە توختىماي يـول يـۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن ئېشەككە دېھقان بىلەن ئېتىزغـا چىقىـپ ئىـشلەش ئانچە خۇشياقماي، مۇنداق دەپتۇ:

خاپا بولماڭ بۈگۈن،
ھېرىپ كەتتىم بەك.
ئىككى ھەپتە تولۇق،
دەم ئېلىشىم كېرەك.

چىقسۇن سىز بىلەن،
بۈگۈنچە ئۆكۈز.

كېلەر قېتىمدا،
چىقاي يۈزدە ـ يۈز.

ئېشەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دېھقان ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئۇدۇل ئۆكۈزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

سالام ئۆكۈزباي،
جابدۇنۇڭ چاپسان.
ئېتىزغا چىقىپ،
تارتىمىز ساپان.

دەپتۇ. ئاق كۆڭۈل ئۆكۈزباي دېھقاننىڭ تۈنجى قېتىم ئۆزىنى ياردەمگە چاقىرغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزغا چىقىپتۇ. ساپان سۆرەپ يەر ئاغدۇرۇپتۇ. بۇقۇسا تارتىپ تاپ ئېچىپتۇ... دېھقان بىلەن ئېتىزدا كەچكىچە ئىشلەپتۇ.

ئېتىزدا ئەمگەك بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىپتۇ. ئېشەك ھەر قېتىم يوقىلاڭ باھانە كۆرسىتىپ، ئېتىزغا چىقماپتۇ. ئۇنىڭغا ئېتىزدا ئىشلىمەي قوتاندا يېتىپ، تەييار خەشەكنى يېيىش قاتتىق راھەت بىلىنىپتۇ، ئاۋۋالقى خىيالى بويىچە مۆڭگۈزنىڭ ھامان ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ. ئۆكۈز ھەر قېتىم دېھقان بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە، راھەت ـ پاراغەتتە بىللە بوپتۇ. دېھقان بىلەن تەڭ تۇرۇپ، تەڭ يېتىپتۇ. گاھى ئېتىز بېشىدا، گاھى خامان قېشىدا تۈنەپتۇ. كۈن مۇشۇ ھالدا كەچ بولۇپ، مۇشۇ ھالدا تاڭ ئېتىپتۇ. بىر كۈنى دېھقان ئېشەك بىلەن ئۆكۈزگە يەم ـ خەشەك تەييارلاپ، ئالدى بىلەن ئېشەكنىڭ يېنىغا

كىرىپتۇ. دېھقان خېلىدىن بېرى ئېشەكنى ماغدۇرىغا كېلىشۋالسۇن دەپ قوناق بېرىپ كەلگەچكە، ئېشەك بۇگۈنمۇ دېھقاننىڭ يەنە كۆندىكىدەك قوناق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

بىلسىڭىز دېھقان،
قىرىقتا يېشىم.
قاتتىق قوناقتا،
ئۆتمەيدۇ چىشىم.

بولسا تەييارلاپ،
بەرسىڭىز يوبدان.
بولمايتتى ئىسراپ،
قوناقمۇ ئوبدان.

ئېشەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئېتىزدا ئىشلىمەي، تەييار قوناقنى ياراتماي، مۇغەمبەرلىك قىلىشۋاتقانلىقىدىن ئاچچىقلانغان دېھقان:

— «قېرىئانامنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق، مۇشۇكۇمنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق» دېگەندەك، بىر ئايدىن بېرى مىجەزىم يوق دەپ ئېتىزغا چىقىپ ئىشلىمىدىڭ، ماغدۇرىغا كېلىشۋالسۇن دەپ ئوبدان باقسام، تەييار قوناقنى يېيىش ئېغىر كەلگەن بولسا، ئاله بۇنى يە، — دەپتۇ - دە، تاسقىماستىن بىر غەلۋىر سامانىنى ئېشەكنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قوناقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

دېھقان شۇ ئاچچىقتا ئۆكۈزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئاق كۆڭۈل ئۆكۈز ئالدىنقى كۈنى بەرگەن يەم - خەشەكلەرنى پاك - پاكىز يەپ

بولغانىكەن. بۇنى كۆرگەن دېھقان ئۆكۈزنىڭ بۇ خىل ئاددىي-ساددىلىقىدىن سۆيۈنۈپ قوناقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

قانداق مىجەزىڭ،
تۇرغانسەن ئامان.
ياخشى غىزالان،
تارتىسەن ساپان.

رازى مەن سەندىن،
تارتتىڭ كۆپ جاپا.
رەنجىتكەن بولسام،
بولمىغىن خاپا.

كۆز ئالدىدا ئۇنچە-مارجاندەك پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق قوناق دېنىنى كۆرگەن ئۆكۈز دەرھال دېھقاننىڭ كۆڭلىنى رەت قىلىپ دەپتۇ:

سىز يەڭ قوناقنى،
مەن يەيمەن سامان.
ئىشلەيمەن سىزگە،
بولساملا ئامان.

خانىنىڭ يارلىقى،
سىزنى خۇش قىلىش.
يوقتۇر تەمەيىم،
مۆڭگۈزنى ئېلىش.

دېھقان ئۆكۈزنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئالىيجانابلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئېلىپتۇ. ئۆكۈزنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنى ئەركىلىتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئات خان بەرگەن مۆھلەت توشۇپتۇ. ئوتلاق خەلقى ئېشەك بىلەن ئۆكۈزنىڭ مەھەللىدىكى ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغاچقا، ئارتۇقچە تالاش- تارتىش قىلىشمايلا ئاخىرقى بىر مۈڭگۈزنى دېھقانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆكۈزگە بېرىپتۇ. ھۇرۇن ئېشەك شۇ كۈندىن باشلاپ مۈڭگۈزسىز قاپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئېشەك بىلەن ئۆكۈز شۇ چاغدا مەھەللىدە دېھقانغا ھەمراھ بولۇشقا بۇيرۇلغانچە ئوتلاققا قايتماي بۇگۈنكى كۈنگىچە دېھقانغا ياردەملىشىپ كەپتۇ. ئېشەك ئۆز ۋاقتىدا دېھقانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلغاچقا، تەڭرى ئۇنىڭدىكى قاتتىق قۇلاقلىقنى ئەۋلادلىرىغىچە مىراس قالغاي دەپ بۇيرۇغانمىش. شۇڭا، ئېشەكنىڭ قۇلىقى قاتتىق بولغاچقا، دائىم تىك تۇرارمىش. كىچىك دوستلار، سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار بۇ ئەھۋاللارنى ئۆيۈڭلاردىكى ئېشەكتىن سوراپ بېقىڭلار. ياق، توختاپ تۇرۇڭلار ئېشەكتىن سورىساڭلار، ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇق، تەييارتاپلىق ئەيىبىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەينى ئەھۋالنى ئېيتماي سىلەرنى ئالدىشى ئېنىق. ئەڭ ياخشىسى سۈتلۈك قېرى كالاڭلاردىن سوراڭلار.

# چۆچەك خالتىسىنىڭ رىۋايىتى

يەر ئاسماندىن ئېگىز، توخۇ كالىدىن سىمىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاھانكەزدى نەسىردىن ئەپەندى چۆچەك خالتىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، قارا ھاڭگىسىغا مىنىپ يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

مىنگىنىم ئېسىل جانىۋار،
كىيگىنىم يېشىل تاۋار.
ئەل ئىچىگە پۇر كەتكەن،
«ئەپەندىم» دەپ نامىم بار.

نەسىردىن ئەپەندى يۇرت ئارىلاپ قەشقەر ـ قاغىلىقتىن، چەرچەن ـ چاقىلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قاراقاش بازىرىنىڭ ئاۋات بىر يېزىسىغا كىلىپ، شادىمان ئويناۋاتقان بىر توپ كىچىك باللارنىڭ مۇڭلۇق كۈيىگە جور بوپتۇ:

يۇرتىمىز زاۋا،[1]
ئەجەب ساپ ھاۋا.
ئىتىز ـ بىغىدا،
قايىنايدۇ ناۋا.

[1] زاۋا ــ قاراقاش ناھىيەسىدىكى يېزىنىڭ نامى.

خەلقى مېھماندوست،
دەردىڭگە داۋا.
ھاجىتىڭ بولسا،
قىلىدۇ راۋا.

نەسىردىن ئەپەندى بۇ كىچىك دوستلارنىڭ توشقاندەك چاققان ھەرىكىتىدىن سۆيۈنۈپ، بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا بىر ھازا تاماشا قىپتۇ، ئاندىن بالىلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

تويقا يېغىدىن قوشۇلغان بۇ ساقاللىق دوستىنىڭ چوڭلاردىن نامىنى كۆپ ئاڭلىغان دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېچەن بالىلار ئۇنى ئارىسىغا ئېلىۋاپتۇ، شۇنداق قىلىپ، دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى كىچىك دوستلار بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپتۇ. كۈلكىلىك لەتىپىلەرنى ئېيتىپ، بالىلارنى قاپاقتىن سۇ تۆككۈلگەندەك كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ.

بارا-بارا پاراڭ لەتىپىدىن چۆچەككە ئۆتۈپتۇ. كىچىك بالىلار نەسىردىن ئەپەندىمگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىش تەلىپىنى قويۇپتۇ.

چىقىشقاق نەسىردىن ئەپەندى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭمۇ چوڭلاردىن چۆچەك-رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلاپ، مۇشۇنداق سۆزمەن ئادەم بولغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ كىچىك دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويۇشنى خالىماپتۇ-دە، چۆچەك خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، چۆچىكىنى باشلاپتۇ.

بۇلبۇل تاغدا، قۇزغۇن باغدا ياشايدىغان، ئىنسان يەر تېرىپ

ئاش ئېلىشنى بىلمەيدىغان غورىگىل چاغدا، قارا قۇرۇم تېغىنىڭ باغرىدا بىر ئادەم ياشايدىكەن، ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر تال كالىسى بولۇپ، يا ئانىسى، يا بالىسى يوق ئىكەن.

ئۇ ئادەم تاغدىن ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ يەپ، ئۆز دەردىنى ئۆزىگە دەپ كەچ يېتىپ بالدۇر تۇرسىمۇ، پاشنى قوغلاپ بېشىغا ئۇرسىمۇ كۈن ئۆتۈپ، تۈن يورۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ قىش پەسلىنىڭ يېقىنلاپ، قاتتىق سوغۇقنىڭ باشلانغانلىقىنى ھېس قىپتۇ، تاغدىكى غۇربەتچىلىكتىن ئېچىنىپ ئۆز-ئۆزىگە:

تۇگەپ قالدى ئوزۇقۇم،
ئاچار ئەمدى قورسىقىم.
قانداق قىلاي بۇ يەردە،
تۆت تام ھەممە تۇرسا قۇم.

دەپ ئۇزاق ئويلاپتۇ، خىيالغا پېتىپ تاغ باغرىنى بويلاپتۇ، ئاخىرى تەڭرىگە يىغلاپتۇ:

يەي دېسەم ئاش ـ نان يوق،
ئۆتتى كۈنۈم ئاچ ۋە توق.
يول كۆرسەتكىن ھاياتتىن،
ئالاي مەنمۇ بەھرە ـ زوق.

شۇئان تاغ قاپتىلىدىن مۇنداق سادا كەپتۇ:

يىغلىمىغىن ئەي ئىنسان،
بۇ باياشات كەڭ جاھان.

ھالال ئەجىر، تەر بىلەن،
بىخلىنىدۇ يەردىن نان.

تۇر، كۆزەتكىن دالىنى،
(ئىسسىت، سەندەك بالىنى)
سېنى ئىشلەپ يېسۇن دەپ،
ھەمراھ قىلدىم كالىنى.

قات كالىغا قوشنى گاچ،
يەرنى ئاغدۇر تاپنى ئاچ.
بىر تال دېنىڭ مىڭ بولغاي،
ئۇرۇقلۇقنى يەرگە چاچ.

ئادەم يەنە يىغلاپتۇ:

مەن بىر ئادەم تۇرۇقلۇق،
يوق مەندە ھېچ ئۇرۇقلۇق،
ئەڭ ئاخىرقى بىر قاقنى،
قىلدىم بايام ئوزۇقلۇق.

سادا يەنە داۋام قىلىپتۇ:

ئال قولۇڭغا بىر ئوچ قوم،
«سۇف»دە، پەقەت كۆزنى يۇم.
سەۋر قىلساڭ بىر مىنۇت،
ئۇرۇق بولۇر ئۇ چوقۇم.

يەنە «سۇف» دە، يەرگە چاچ،
چىچىپ بولۇپ كۆزنى ئاچ.
ئېيتقىنىمنى ئەستە تۇت،
قالماي دىسەڭ مەڭگۇ ئاچ.

ئادەم دەرھال قولىغا بىر ئوچ قۇمنى ئېلىپ «سۇف» دەپلا كۆزنى يۇمۇپتۇ، دىگەندەك ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۆپكۆك قوم ئۇنچە-مارجاندەك پارقىراق بۇغداي دىنىغا ئايلىنىپتۇ.

ئادەم شۇئان كالىسىنى قوشقا قېتىپ، يەر ئاغدۇرۇپ، تاپ ئېچىپتۇ. «سۇف» دەپلا يەرگە ئۇرۇقنى چىچىپتۇ. كۈن ئۆتۈپ، بىپايان دالىدا چەكسىز بۇغداي ئېتىزلىرى سالالىشىپتۇ، بۇلۇتلار ئېتىزغا سۇ، قۇياش نۇر تۆكۈپ، بۇغداي پىشىپتۇ. ئادەم بىلەن كالا «قورسىقىم ئاچ، ئاش ئېتەيلى گاچ» دەپ بولغۇچە بۇغداينى ئورۇپ خامانىنى ئاپتۇ، ئەمدى گەپ دان بىلەن سامانىنى قانداق ئۆلىشىشتە قاپتۇ.

ئادەم ئالدى بىلەن تاللىۋېلىش ئىختىيارىنى پېژغىرىم ئىسسىقتا، ياز ۋە قىشلىقتا ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ئىشچان كالىسىغا قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

يەتتۇق بۇگۇن ئارمانغا،
چەشلەر تولدى خامانغا.
ئېيت قايسىغا تۇرسەن؟
دانغىمۇ يا سامانغا.

كالا تامدەك گەۋدىسىدىكى جامدەك كۆزنى پارقىرىتىپ، بىر

تۇرۇپ دانغا، بىر تۇرۇپ سامانغا قاراپتۇ، ئۇزۇندىن بېرى نەپسى بىر تويماي ئېچىرقاپ كەتكەن كالىغا دۆڭدەك دۆۋىلەنگەن دان ئاز، تاغدەك دۆۋىلەنگەن سامان ساز كۆرۈنۈپ، سامانغا تۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە، دەپتۇ:

تۇرسام دەيمەن سامانغا،
كۆپ يەپ تولسام دەرمانغا.
كىلەر يىلى هوسۇلنى،
تاقاشتۇرساق ئاسمانغا.

شۇنداق قىلىپ، دان بىلەن سامان ساددا كالىنىڭ تاللىشى بويىچە ئايرىلىپتۇ، داننى ئادەم، ساماننى كالا يەيدىغان بوپتۇ. كۈن ئۆتۈپتۇ، ئادەم مەززىلىك بۇغداي نېنىدىن لەززەتلىنىپ ئاق نان چاينىپتۇ، قازىنىدا لەڭمەن قايناپتۇ، لېكىن كالىچۇ؟ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا جىق كۆرۈپ تاللىغان مەززىسىز ساماندىن قەۋەتلا زېرىكىپتۇ، ئۇنى يەۋېرىشكە پەقەتلا رايى بارماپتۇ ـ دە، ئۆزىچە دادلىنىپ:

مەن سامانغا هۆ دەپتۇ،
قېنى بىر يەپ كۆر دەپتۇ.
ئاندىن گېلى بوغۇلۇپ،
«ها» دىيەلمەي «ما»دەپتۇ.

كىم بىلسۇن، شۇ قېتىملىق تاللاش هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولغاچقا، تەڭرى دان بىلەن ساماننى قايتا تەقسىمات قىلمايلا، داننى ئىنسان يەيدىغان، ساماننى هايۋان يەيدىغان قىلىپ بېكىتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ تا هازىرغىچە شۇ

تەقسىمات بـۇيىچە دانـىنى ئىنسان يەپتـۇ، سامانىنى هـايۋان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا كالىنىڭ «مۆ» دېيىـشى ئۇنـىڭ ساماندىن زارلىنىپ «ها» دېگىنى ئىمىش.

نەسىردىن ئەپەندى خالتىسنىڭ ئېغىزىنى بوغۇپتۇ، چۆچىكىنـى مۇشۇ يەردە توختىتىپتۇ، كىچىك دوستلار بىـر تەرەپتـىن كالىنىـڭ ساددىلىق قىلىپ دانىنى تالىلىۋالمىغانلىقىغا خۇشال بولـسا، يەنە بىـر تەرەپتىن چۆچەكنىڭ شۇنچە تېز تامام بولغانلىقىدىن كۆڭلـى يېرىـم بوپتۇ.

چۆچەك تۈگەپ كۆن پېشىنغا يېقىنلاشقاچقا، نەسىردىن ئەپەندى چۆچەك خالتىسنى قارا هاڭگىسىغا ئارتىپ قويۇپ، مەسچىتكە كىرىپ كېتىپتۇ. هېلىدىن بېرى ئەپەندىمنىڭ چۆچەك خالتىسىغا كۆز تىككەن باللار چۆچەك خالتىسنىڭ ئاغزىنى يەنە ئېچىپتۇ، «ئۈر توقمـاق»، «ئۇچار گىلەم»... دېگەندەك نۇرغۇن چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ قانغۇچە كۈلۈپتۇ. خالتىنىڭ چۆچەك توقۇشقا ئاق چاچ مومىسىدىنمۇ ئۇستا ئىكەنلىكىنى هېس قىپتۇ.

مانا شۇ پەيتتە چاقچاقخۇمار نەسىردىن ئەپەندىمگە بىر چاقچاق قىلىش پۇرستى ئىزدەپ يۈرگەن قۇيۇنتاز نەسـىردىن ئەپەندىنىـڭ چۆچەك خالتىسنى ئۇچۇرۇپ قېچىپتـۇ. چۆچەكلەرنىـڭ بەھرىدىـن مەستخۇش بولغان باللار بۇنى ئەسلا سەزمەپتۇ.

نەسىردىن ئەپەندى مەسچىتتىن چىقىپ قارىسا چۆچەك خالتىسى يوق تۇرغۇدەك، باللاردىن سوراپتۇ:

باللار جاۋابەن:

هەي توۋا... هەي توۋا،

ئەپەندىم بوۋا.

بۆز خالتاڭنى كۆرمىدۇق،
ئېشىكىڭ گۇۋا.

دەپتۇ. باللارنىڭ كۆڭلى نەسىردىن ئەپەندىمنىڭكىدىنمۇ بەكرەك يېرىم بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە تۇتۇش قىپتۇ. نەسىردىن ئەپەندىم ئېشىكىدىن سوراپتۇ:

ھەي ئېشىكىم، ئېشىكىم،
مېنىڭ ھەمراھ دىلكىشىم.
چۆچەك تولغان خالتىنى،
تىقمۇالغان كىشى كىم؟

قارا ھاڭگىمۇ كۆرمىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ بېشىنى چايقاپتۇ. نەسىردىن ئەپەندى كېيىن ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپتۇ. ھەممە باللاردىن چۆچەك خالتىسىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، چۆچەك خالتىسىنى باشقا ياقلاردىن ئىزدەش نىيىتىگە كەپتۇ. خاسىيەتلىك چۆچەك خالتىسىنى ھېلىقى باللارنى يوشۇرۇۋالدى دېگەن گۇماندا يول بويىدىكى ئاق تامغا سېرىق سىغىز بىلەن:

قاراقاش بازاردا،
سەبىيلەرگە ئەپلەندىم.
قايىل بولدۇم بۇ خەقكە،
دەپ يازغۇچى ئەپەندىم.

دەپ يېزىپ قويۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.
بوۋامنىڭ گېپىچە: نەسىردىن ئەپەندى شۇ ماڭغانچە تا ھازىرغىچە چۆچەك خالتىسىنى ئىزدەپ جاھان كېزىپ يۈرەرمىش.

ئائىلاشلارغا قارىغاندا، قۇيۇنتاز چۆچەك خالتىسىنى ئۇچۇرۇپ جاڭگالدا قېرى توغراقنىڭ شېخىغا ئىلىنىدۇرۇپ قويغانمىش، كېيىن شۇ يەرلىك بىر پادىچى بالا ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ تا ھازىرغىچە ئەپەندىمنىڭ چۆچەك خالتىسىدىن چۆچەك ئاڭلاپ يۈرگۈدەك.

باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، كىتابخانىدا يېقىندا پەيدا بولغان «قۇشقا ئايلانغان بالا»، «چوغباش بىلەن شۇغباش» دېگەن ئىككى چۆچەكلەر توپلىمى دەل شۇ نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ چۆچەك خالتىسىدىكى چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمى ئىمىش.

# قاراقاشلىق ئوغۇل

ئۆتكەن زاماندا، تەكلىماكاندا، بار بىلەن يوقنىڭ، ئاچ بىلەن توقنىڭ، بۇغداي بىلەن ماشنىڭ، ئېرىق بىلەن قاشنىڭ پەرقى يوق چاغلاردا بىر دانىشمەن پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھ ئىلىم-پەنگە شۇنچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنكى، پۇقرالىرىنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدىن بەكرەك، ئەقلىي تەربىيەلىنىشىگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئوردا ئىچىدىكى خان ئەۋلادلىرىدىن يىراق سەھرادىكى دېھقان پەرزەنتلىرىگىچە ئۆزىگە پۇقرا ھېسابلىنىدىغان بارلىق قوۋمنىڭ ئىلمىي ئەخلاق، كەسپىي ساۋاق جەھەتتىكى ئىلمىدىن خەۋەردار ئىكەن.

ئاۋامنىڭ دەردىگە يېتىش ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتى بولغاچقا، چاپاق مەھەللىدىكى جاپپار دوكىنىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىدىن تارتىپ، شالاق مەھەللىدىكى غاپپار كۆكىنىڭ چوڭ قىزىنىڭ قاچان، قەيەرگە ياتلىق قىلىنىغانلىقىغىچە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىلمىي ئەخلاق، كەسپىي ساۋاقنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، پەقەت خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرغاندىلا، ئاندىن خاندانلىقنىڭ يەنىمۇ گۈللەپ ياشنايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن پادىشاھ خەلق ئىچىدىن يارامىلىق

بىر ئوغۇلنى تاللاپ ئۆزگە ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇپ، ئىلمىي ئەخلاق، كەسپىي ساۋاقتا كامالەتكە يەتكۈزۈپ، قوۋمى ـ جامائەتنى يېتەكلىگۈچى پىر ـ ئۇستاز قىلىپ تەربىيەلەش قارارىغا كېلىپ، ۋەزىرىنى چاقىرتىپ :

ــ ئەي، ۋەزىرىم، سىنى شۇ مەقسەتتە چاقىرتتىمكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىيارىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، خانىدانلىقىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. خەلقىنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى ئۆستى. لېكىن، يەنە ئومۇمىي دائىرىدىن ئېيتقاندا خەلقىمىز نامرات، دۆلەت كۈچىمىز ئاجىز. بىز خانىدانلىقىمىزنى يەنىمۇ گۈللەپ ياشنىسۇن، خەلقنى تېخىمۇ پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشسۇن دەيدىكەنمىز ئەل ـ يۇرتنى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىزنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش زۆرۈردۇر. شۇ ھەممىمىزگە ئايان بولسۇنكى، ئىلىمدە چېكىنىش بولىدىكەن، ئەلدە يۈكسىلىش بولمايدۇ. پەقەت خەلق قەلبىنى ئىلىم ـ ھېكمەت سۈيى بىلەن پاكلىغاندىلا، ئاندىن دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. تۇرمۇش باياشاتلىشىدۇ.

شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ ئەل ئىچىنى ئارىلاپ، مەھەللە ـ ئايماقلارنى چارلاپ قەددى ـ قامەت، ئەقىل ـ پاراسەت، چىدام ـ غەيرەتتە كامالەتكە يەتكەن «ئۆچتە لايىق» بىر ئوغۇل تېپىپ كەل. ئول ئوغۇل خانلىق مالىيەنىڭ كاپالىتىدە شۇنداق تەربىيەلەنسۇنكى، يەتتە ئىقلىمدىكى ئىنسان پۈتنى تېگىگە يېتىش مۇمكىنلىكى بولغان ھەر قانداق ئىلىمدىن خەۋەردار بولسۇن. ئول ئوغۇلدىن ھەممە نۇرلىنىپ خانلىق گۈللەنسۇن. ئىلىم ـ ھېكمەت مەڭگۇ كۈيلەنسۇن. خەلق ئويغىنىپ يېڭىلىققا يۈزلەنسۇن... ــ دەپتۇ. ئۈچ كۈن ئىچىدە

ئۆزى ئېيتقان شەرتكە چۈشىدىغان ئوغۇل تاپالمىسا كاللىسىنى ئالدىنغانلىقىنى تاپىلاپ ئوردىدىن قايتۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرۈشنى ئانچە قىيىن ھېس قىلمىغان ۋەزىر ئادەتتىكىدەكلا يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، شۇ چاغ، شۇ مىنۇتتا سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يۇرت-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ. شەھەر-يېزىلارنى ئايلىنىپ لوپ-نۇرۇتماشتىن ئۆتۈپ خوتەن-قاراقاشقا كېتىپتۇ. مۆھلەت توشۇپ ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئېتىپتۇ. «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگەندەك ۋەزىر شۇنچە ئەستايىدىل ئىزدىسىمۇ، شاھ يارلىقىدىكى شەرتكە تامامەن چۈشىدىغان ئوغۇل تۈگۈل قىز زاتىمۇ تېپىلماپتۇ. پادىشاھ بەرگەن مۆھلەت ئىچىدە يارلىقنى ئورۇنداپ بولۇشقا كۆزى يەتمىگەن ۋەزىر بۇ دەمدە «ئوغۇل» ئىزدەشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۆز كاللىسىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ۋەزىر قاتتىق ئويلىنىپتۇ. ئويلانغانسېرى زېرىكسە باغقا كىرىپ، ئېرىكسە تاغقا چىقىپ ئويلىنىپتۇ. ئويلا-ئويلا ھېچ ئامال قىلالمىغان ۋەزىر ئاخىرى تەقدىر-پىشانىگە بويسۇنۇپ ئوردىغا قايتىپ خاندىن بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئۆتۈنۈش قارارىغا كېلىپتۇ.

ۋەزىر شۇ خىيالدا ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كېتىۋاتسا قاراقاشنىڭ بەھرام ئۆستەڭى بويىدىكى قەدىمىي مەھەللىدە بىر ئوغۇل بالا ئۇچراپتۇ. كەتكەندىن بېرى ئاغزىغا ئوۋاق چاغلىق بىر نەرسە سالمىغان، ھېرىپ ھالى قالمىغان ۋەزىرنىڭ ئۈستىبېشىغا خېلى بۇرۇنلا نەزەر سېلىپ ئۈلگۈرگەن چېچەن ئوغۇل سەپەر داۋامىدا يىرتىلىپ، كىرلىشىپ كەتكەن ئېسىلزادە كىيىملەردىن

بۇ كىشىنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى لايىق تېپىپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. ئانا-ئانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ ۋەزىرگە داستىخان سېلىپتۇ. كەچلىك غىزا ۋاقتىدا ۋەزىر ئۆيىدە سۆھبەتتىن سەپەرگە چىققانلىقىنى بايان قىپتۇ. ھەممە ئىش ئايان بوپتۇ. ئەتىگەندىكى بىر ئادەمنىڭ غېمى، ئەمدىلىكتە بىر ئائىلىدىكى ئالتە كىشىنىڭ، مەھەللىدىكى پۈتۈن قوۋم-جامائەتنىڭ غېمىگە ئايلىنىپتۇ.

ۋاقىت ئەتىگەنگە يېقىنلاشقانسېرى ۋەزىر قاتتىق جىددىيلىشىپ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئەتىگەن بولدى... ۋاقىت... ئۈچ سائەت قاپتۇ. ھەممە يولۇچى مەدەتتە-ئىشارەتنى بىر مۇشكۇلاتنى پادىشاھ ئالدىدىكى چارىسىز ھالىي قالسىغا ئاشۇرۇپتۇ. كىشىلەرنى بىر ئىز چىقىدىن چىۋىنى بولغىلى، يەنىلا بىر ئائىلە پاناھسىز قالغىلى، ۋاپادار بىر خوتۇنى تۇل بولغىلى، ئوماق بالا ساپىي يېتىم بولغىلى ئىككى سائەت قالغاندا ھېلىقى ئوغۇل مۇنداق ئەقىل تېپىپ چىقىپتۇ:

— ئى، ۋەزىر ئەپەندى ئويلىنىپ شۇنداق خىيالغا كەلدىمكى ئەتىگەندە ئۆز ئوغۇللىرىنى باشلاپ خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرگەيلا، ئېيتقىنىڭىز پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئەپەندىم ئۆزلىرىنى تەمكىن تۇتۇپ ئارتۇق سۆزنى راۋا كۆرمىگەيلا. قالغان ئىشنى خان ئۆزى توغرىلايدۇ.

بۇنىڭدىن ياخشىراق چارە-تەدبىر تېپىشقا ئامالسىز قالغان ۋەزىر ئوغۇلنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئوردىغا قايتىپتۇ. تاڭ ئېتىپ خوراز چىللاپتۇ. ۋەزىر ھېلىقى ئوغۇلنىڭ ئېيتىمىشى بويىچە ئۆز ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ قوبۇلغا كەپتۇ. پادىشاھمۇ ۋەزىردىن زور ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغاچقا، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىپتۇ.

— ئوغۇل قېنى؟... — پادىشاھ ۋەزىردىن سوراپتۇ. ۋەزىر زۇۋان سۈرۈشكىمۇ پېتىنالماي، ئوڭ يېنىنى ئىما قىلىپ ئۆز ئوغلىنى كۆرستىپتۇ، قورققىنىدىن چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزى شۇنچە ئىشەنگەن، بار ئۈمىدىنى باغلىغان بۇ ۋەزىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئاددىيغىنە بىر يارلىقنى بەجا كەلتۈرەلمەي ئۆزىنى نائۈمىد قويغانلىقى پادىشاھقا قاتتىق ئېغىر كەپتۇ. ۋەزىرىنىڭ يارلىقنى بەجا كەلتۈرەلمىسىمۇ ئۆزىدىن بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئۆتۈنۈپ گۇناھىنى تىلەشتە يوق، تەپ تارتماستىن ئۆز ئوغلىنى بۇ ئىقلىمدىكى ئەڭ كەم- كوتىسىز ئوغۇل دەپ كۆرستىشى پادىشاھقا ۋەزىرى يارلىقنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنى مازاق قىلغاندەك بىلىنىپتۇ. دېمىسىمۇ ۋەزىرىنىڭ بۇ ئەركە- ناىناق ئوغلىنىڭ خانلىق مەدرىسەدە بەش- ئالتە يىلدەك ئوقۇپ «بۆشۈك» تىكى «ب» بىلەن «تۆشۈك» تىكى «ت» نى تۈزۈك پەرق ئېتەلمەيدىغانلىقى پادىشاھقا ئاسماندىكى ئايدەك، ئېرىقتىكى لايدەك ئايان تۇرسا... بۇ ئېنىق پادىشاھنى ئالدىغانلىق، ئۇنىڭ يارلىقنى خام سۇندۇرغانلىق ئەمەسمۇ. گەرچە ئوردىدىكى بۇ بەگزادە ئائىلە- تەبىقىدە سەھرا باللىرىدىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ئوردا ئىچىدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، شۇنچە كۆپ شاھزادە- خانزادىلەر تۇرغان يەردە، بۇ چالا ساۋات ئوغۇلنىڭ «ئۈچتە لايىق» دەپ تەرىپلىنىشى پادىشاھقا قاتتىق ئاھانەت بىلىنىپتۇ.

بىچارە ۋەزىرنى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، خەلق پەرزەنتى بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازغا چاڭ سېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان پادىشاھ غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ:

— جاللات، بۇ كاززاپنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن...

ۋەزىرنىڭ تېنى سەل جۇغۇلداپتۇ ـ يۇ، ئوغۇلنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئۆزىنى سالماق تۇتۇپ پادىشاھقا:

ــ ئەل ـ يۇرتنىڭ ئاتىسى، يېتىم ـ مىسكىنىنىڭ غەمگۇزارى ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم غەزەپ قىلمىغايلا، ئۇزۇن يىللىق ساداقەتمەنلىكىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا... دەپ يۈكۈنۈپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ نەچچە ئەۋلاد خان ـ ۋەزىرلىك مۇناسىۋىتىنى ئويلاپ سەل ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ دەپتۇ:

ــ ئى ۋەزىرىم، يارلىقنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزىلا كالللىڭىزنى ئېلىشقا يېتىپ ئاشقۇدەك گۇناھ تۇرسا، نېمە مەقسەتتە مەندىن گۇناھىڭىزنى تىلىمەي، ئاۋام پەرزەنتىنىڭ رىزقىغا قارا سىناپ خانىدانلىقىمىزنىڭ ئادالىتىنى تاشقا ئۇرىسىز؟ سىزنىڭ ئۆز كۆمچىڭىزگە چوغ تارتىپ، پېقىرنىڭ خەلق ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان مۇقەددەس پىلانىغا چاقچاق نەزىرىڭىزدە قارىغىنىڭىز ئىلىم ـ ھېكمەتنى كۆزگە ئىلمىغانلىقۇ. بۇ خانىدانلىققا قىلىنغان ئاھانەت، پېقىرغا قىلىنغان ھاقارەت، ئىلىمگە قىلىنغان خىيانەت... ئالدىنقىسىنى ئامالسىزلىقتىن قىلىنغان دېيىلسىمۇ، كېيىنكىسى قەستەن ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھتۇر. قېنى سەممىي ساداقەتمەن، چىن ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېيتىڭكى، نېمە ئوي، نېمە مەقسەتتە ئىلمى خام، ساۋاتى كەم ئوغلىڭىزنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلدىڭىز؟...

ئەمدىلىكتە پادىشاھتىن ئەمەلىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ ئارتۇقچە گەپ يورغىلاتسا قولىدىكى ۋەزىرلىك نىنىنى ئەمەس، ئەزىز جېنىنىمۇ

ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن ۋەزىر، ئەينى ئەھۋالنى پادىشاھقا بىر باشتىن بايان قىلىشقا باشلاپتۇ.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك يارلىقى بىرلە نامزات ئىزدەپ پۈتۈن خانلىق زېمىنىنى ئايلاندىم. يەرلىك بەگلىكلەرگە ئالاقە ئەۋەتىپ ئالىيلىرىنىڭ چاقىرىقىغا جىمى ئەلنى سەپەرۋەر قىلدىم. ھەر تەرەپتىن خان يارلىقىغا ئامال ئىزدىدىم. ئەپسۇس بۇ ئىقلىمدىن ئالىيلىرى دېگەن شەرتكە چۈشىدىغان ئوغۇل زاتى تېپىلمىدى. ئاخىرقى مۆھلەت كۈنى كەچكە يېقىن ئوردىغا يېنىشىمدا قاراقاش دىيارىنىڭ بەھرام ئۆستەڭى بويىدىكى كۆجۈم مەھەللىدە بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە بىر ئوغۇل بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قالدىم. تائام ئۈستىدە ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرمىسىنى ئېيتىپ سايتىمەن. ھەممە ئالىيلىرىنىڭ ئىلىم خۇمار، پەن سۆيەرلىكلىكىدىن، ئەل ئۈچۈن كۆڭۈللىرىگە پۈتكەن مۇقەددەس پىلانلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۆزلىرىگە كۆپلەپ بەخت-سائادەت، خانىدانلىققا چەكسىز قۇدرەت-كامالەت تىلەشتى. ئۆزلىرىنىڭ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرەلمەي گۇناھكار بولۇپ چۈشكۈنلەشكەن كەيپىياتىمنى سەزگەن ھېلىقى ئوغۇل ماڭا ھۇزۇرلىرىغا ئۆز ئوغلۇمنى ئېلىپ كىرىش ئەقلىنى كۆرسەتكەن. پېقىر بۇ ئىشتا كۆپ كېڭەشمەيلا تەۋەككۇل قىلىپ ئالدىلىرىغا ئۆز ئوغلۇمنى باشلاپ كىرىپتىمەن. ئالىيلىرى قۇللىرىنى كەچۈرگەيلا، سەھرالىق بىر شۇمتەكنىڭ گېپىگە كىرىپ مۇبارەك دىللىرىنى رەنجىتىپتىمەن. بىرقوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا...

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپتۇ-دە، پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

— پەرمان، دەرھال ھېلىقى قاراقاشلىق ئوغۇل ئوردىغا كەلتۈرۈلسۇن...

ئوردىدىكى بارچە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە قاراقاش دىيارىغا قايتا يول ئاپتۇ. مۇشۇنداق كۈننىڭ ھامان بىر كۈنى كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ يۈرگەن ھېلىقى ئوغۇلمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ۋەزىرلەر بىلەن ئوردىغا كەپتۇ. ئوغۇل ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام كەلتۈرۈپتۇ. يىراق سەھرادىمۇ مۇشۇنداق قائىدە بىلىدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق پۇقرالىرىنىڭ بارلىقىدىن خۇشال بولغان پادىشاھ ھاياجاندا ئوغۇلنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئوغۇلدىن سوراپتۇ:

— ئى ئوغۇل، ۋەزىرىمگە كۆرسەتكەن ئەقلىڭنىڭ مەنىسى نېمىدۇر؟... نېمىشقا ئۇنى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ھۇزۇرۇمغا ئۆز ئوغلىنى باشلاپ كىرىشكە دالالەت قىلدىڭ؟...

— ئى شاھىم، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ھېلىقى ئوغۇل تەمكىنلىك بىلەن، — ئۇشبۇ كۆرسەتمىنىڭ مەنىسىنى بىلمەك ئۈچۈن مۇنۇ ھېكايىنى بايان قىلماق زۆرۈردۇر.

«بۇرۇن تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرى قىسمىدا بىر ھايۋانلار پادىشاھلىقى بولغانىكەن. خوراز خان شۇنچىلىك سەگەك، دانا ئىكەنكى، ھەر كۈنى سەھەردە ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ دۆلەت ئەھۋالىنى كۆزىتىدىكەن. ئەل رايىنى ئىگىلەيدىكەن. ئاممىنى يېقىنلىقا ئۈندەپ ئۇزاق چىللايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئىككى ۋەزىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرماي سىناپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ، ئاۋۋال ئوڭ قول ۋەزىرى قاغىنى چاقىرتىپ:

— ئى ۋەزىرىم، مەن خانلىق تەۋەيىمىزدىن ئەڭ چىرايلىق

بىرىنى تاللاپ دۆلىتىمىزنىڭ ئوبراز ۋەكىلى قىلىشنى ئويلىغانىدىم. تاللانغان ئوبراز ۋەكىلى شۇنداق تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇكى: ئۇنىڭ 72 ئەۋلادىغىچە خانلىق مالىيەدىن پايدىلىنىشى دەخلىسىزدۇر... بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇرسام قانداق؟... — دەپتۇ. قاغا ۋەزىر خورازخانىنىڭ ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ ئىككى كۈندە مۇۋاپىق بىرىنى تېپىپ كېلىدىغانلىقا ۋەدە بېرىپ ئورنىدىن ئايرىلىپتۇ.

خوراز خان ئارقىدىن سول قول ۋەزىرى كىرپىنى چاقىرتىپ قاغا ۋەزىرگە ئېيتقانلىرىنى يەنە تەكرارلاپتۇ. خورازخاندىن تۇيۇقسىز بۇنداق مەسلىھەتنى ئاڭلىغان كىرپە ۋەزىر دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي ئۆزىگە ئويلىنىپ بېقىش ئىجازىتى ئېلىپ ئۆز قەسرىگە يېنىپتۇ.

بىرى بىرىدىن دانا، ساداقەتمەن بۇ ئىككى ۋەزىر كۆڭلىدىكىنى ھېچ كىشىگە تىنماستىن خۇپىيانە خان مەسلىھەتى ئۈستىدە كېڭەش قىپتۇ. يۇرت- يۇرتلارنى ئارىلاپ تالاي ساھىبجامال، ھۆر- پەرىزاتلارنى سىلىشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، نېمىشقىكىن ئۆز پەرزەنتلىرى ھەممىدىن گۈزەل، چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ، خان مەسلىھەتى ئۇچۇن كۆڭۈللىرىگە بىر سان پۈكۈپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئالدى بىلەن قاغا ۋەزىر خوراز خانغا خانلىقتىكى ئەڭ چىرايلىق نامزاتنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بايان قىپتۇ. خوراز خان ناھايىتى سالماقلىق بىلەن قاغا ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى يولغا سالپتۇ. ئارقىدىن كىرپە ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ

— خان ئالىيلىرىنىڭ سەمىدە بولغايكى، بۇ ئىقلىمدىن

ئوغلۇمدەك كېلىشكەن قاددى - قامەتلىك نامزاتنى يەنە بىرى تېپىلماس، — دەپتۇ كىرپە ۋەزىر خانغا جاۋابەن. كىرپە ۋەزىرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خوراز خان ئارتۇقچە ئىنكاس قايتۇرماي ئۇنىڭ ئوردىدىن قايتىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ. خوراز خان شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككى ۋەزىرنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپتۇ. قايتا - قايتا پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ. شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆز قېرىندىشىغا ئىشەنگەندەك ئىشەنگەن بۇ ئىككى ئەمىرنىڭ ئەمدىلىكتە كىچىككىنە مەنپەئەت ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ ئۆز باللىرىنى شۇنچە ماختاپ داملىشى خوراز خاننىڭ ئىشەنچىسىنى كۆككە سورۇپ، ئۇمىد تايىقىنى سۇندۇرۇپتۇ. پۇل - مال دېسە ھەممە ئادەمنىڭ ئېتىقاد، ۋىجدانىنى قايرىپ قويۇپ، نەپسگە قۇل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئىككى ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب تىلەپتۇ.

خوراز خاننىڭ خېلىدىن بېرى قاتتىق ئويلىنىپ، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مېكىيان خانىش بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئى باشپاناھىم، ئۇلۇغ شاھىم، ئويلىنىش كۆڭۈللىرىنى بىر ئاپتۇ. ئوي - خىياللىرى نېمىكىن؟...

مېكىيان خانىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئوي - خىيالىغا قىزىقىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولغان خورازخان ئىككى ۋەزىرنىڭ قىلمىشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— شاھىم، — دەپتۇ مېكىيان خانىش خاننىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، — ئادەتتە سۆز كۆڭۈلگە تالىقتۇر. قاغا ۋەزىرنىڭ بالىسىنىڭ قارىمۇتۇق، كىرپە ۋەزىرنىڭ بالىسىنىڭ تىكەنلىك چىتەندەك كۆرۈمسىز، سەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان تۇرسا. ئۇلارنىڭ پۇل -

مال، ھوقۇق ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز باللىرىنى خانىدانلىقنىڭ ئۇبراز ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىشى خان بىلەن ئويناشقانلىق. جاندىن تويغانلىقتۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاتا ـ ئانىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن چۈشەنگەندە ئۇلارنىڭ ئۆز باللىرىنى خانىدانلىقنىڭ ئوبراز ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىشى بەرھەق. ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئۆز بالىسىدىن ئارتۇق بايلىق بولماس. خان بالىسى خانغا خان كۆڭلىچە، تاز بالىسى تازغا تاز كۆڭلىچە ئۆز كۆرۈنىدۇ. ھەممە ئۆز بالىسىنى قەدىرلەيدۇ. ئۆزبالىسىنى مېنىڭ بالام ھەممە جەھەتتە دۇنيادا يەكتا دەپ ئويلايدۇ. جاھاندا ھېچ كىشى ئۆز بالىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىنتراپ قىلماي تۇرالمايدۇ. ئىككى ۋەزىرنىڭ ئۆز باللىرىنى خانىدانلىقنىڭ ئوبراز ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىشى دەل ئاتا ـ ئانا مېھرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن، سۆيۈنۈشىنىڭ چەكسىزلىكىدىن، كۆيۈنۈشىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بولغان. ئۇلار ئۆز بالىسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جازالىنىشىدىن قورقماي، ئۆز باللىرىنى خانىدانلىقنىڭ ئوبراز ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلغان... ۋەتەن مانا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچان، مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلار بىلەن تېخىمۇ گۈزەلدۇر...

خوراز خان مېكىيان خانىشنىڭ بايانىدىن ئىككى ۋەزىرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى خانىدانلىقنىڭ ئوبراز ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز باللىرىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇلارنى تارتۇقلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەن تەمسىل تارقىلىپتۇ.

ئوغۇل ھېكايىسىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇپ، پادىشاھقا

ئىززەت - ئىكرام بىلەن:

— ئەمدى ۋەزىرلىرىگە نېمە سەۋەبتىن ھۇزۇرلىرىغا ئۆز ئوغۇللىرىنى ئېلىپ كىرىشكە دەۋەت قىلغانلىقىمنىڭ سىرى يېشىلدى. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ۋەزىر ئاتا بايامقى ھېكايىدە بايان قىلىنغاندەك ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەنگەن بولسا ئۆز ئوغۇللىرىنى ئالىيلىرىغا ئەرزىتكۈدەك تەربىيەلەر ئىدى. ھالا بۇ كۈنلەردە ئۆيدىكى ئوغۇلنى قويۇپ سىرتتا ئوغۇل ئىزدەشكە مەجبۇر بولمىغان بولاتتى. مەن مۇنۇ ۋەزىرگە ئۆز قولىدىكى گۆھەرنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇپ قويۇش مەقسىتىدە شۇنداق ئەقىل كۆرسەتكەن، — دەپتۇ.

ئوغۇلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئوردا ئەھلى ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستىگە قايىل بولۇشۇپتۇ. پادىشاھمۇ ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن ئوغۇلنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن قاتتىق خۇشال بوپتۇ، جىمى ئۈمىدىنى ئول ئوغۇلغا باغلاپ، ئالىي بىلىم يۇرتىغا يولغا سېپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرمۇ ئامان قاپتۇ.

# بوۋاينىڭ ھەسرىتى

بوۋامنىڭ ئۇكامغا ئېيتىپ بېرىشىچە بۇرۇن يۇرتىمىز قاراقاشتا يېشى يۈزدىن ئاشقان، زاڭىقى يەرگە تاقاشقان بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي ئۆتكەنىكەن. ياشلىقىدا باغبارائىلارغا تەڭ كىرىپ، تاغ-داۋانلاردىن تەڭ ئېشىپ، تاپالىسا گىردە يەپ، تاپالمىسا جىگدە يەپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشقان بۇ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئەزەلدىن بالىسى بولمىغانمۇ ياكى بالىلىرى ئەزرائىل بىلەن بالدۇر تونۇشقانمۇ، ئۇلارنىڭ دەردىگە داۋا، ھاجىتىگە راۋا بولىدىغانغا يا ئوغلى، يا قىزى يوق ئىكەن.

تەۋپىق-ھىدايىتىنى يۇرت-مەھەللىنىڭ ئامانلىقىغا، دۇئا-تىلاۋىتىنى بەخت-سائادىتىنىڭ راۋانلىقىغا ئاتىۋەتكەن بۇ ئائىلىدە ھامان بوۋاي مومايغا، موماي بوۋايغا ھەمراھ ئىكەن.

بىچارە بوۋاي ھەر كۈنى ئۆزى يالغۇز مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قەدىمىي جاڭگالدىن ئوتئۇن ئېلىپ چىقىپ مەھەللىدىكى يېڭى بازاردا ساتىدىكەن، ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ ئەتىكى غورىگىل تۇرمۇشىنىڭ غېمىنى قىلىدىكەن.

ياز كېتىپ ياپراقلار خازان بولغان، قىش كېلىپ جۇت سوغۇق يامان بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موماي توقۇناقلىق ئارغامچىسىنى بېلىگە باغلاپ جاڭگالغا ئوتئۇن يىغىشقا ماڭغىلى تەمشىلىۋاتقان

بوۋايغا:

ياشاپتىمىز يۈز باھار،
ئۈزۈن ئۆمۈر بوپتۇ يار.
بىزدە ھازىر تىرىكلىك،
نىشانىگە نېمە بار؟

يوقكەن ياكى بالىمىز،
يوقكەن ئات، قوي، كالىمىز.
ئۆلۈپ كەتسەك بۇ ھالدا،
نام - نىشانسىز قالىمىز.

ئاچماپتىمىز ياشلىقتا،
يا كۆكتاتلىق، يا باغلىق.
باقماپتىمىز بىرەر جان،
توخۇ، كەپتەر، ئىت چاغلىق.

شۇڭا بوۋاي ياناردا،
توختاپ يېگى بازاردا.
سېتىۋالسىلا بىرەر مال،
باقساق ھەمراھ قاتاردا.

ئۆزىنىڭ بوۋاي جاڭگالغا كەتكەندە زېرىكىپ قالىدىغانلىقىنى پەش قىلىپ، بازاردىن قۇرۇق كەلمەسلىكىنى قاتتىق جېكىلەپتۇ.

ۋاپادار ئايالىنىڭ يەنىلا چېچەك چوكان چاغلىرىدىكىدەك قازان - چۆمۈچ، تاختا - نوغۇچ ئىشلىرىغا ھېرىسمەن، مال - چارۋا بېقىپ

ھويلا ـ ئاران كۆكەرتىشكە زوقمەنلىكدىن مەمنۇن بولغان بوۋاي موماينىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

ئېيتقانلىرىڭ ھەق موماي،
تەلپىڭگە قوشۇلاي.
قېرىپ قالدۇق، ئويلايلى،
نېمە باقماق ئەڭ ئوڭاي؟

بوۋاي، موماي باش قاتۇرۇپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ، يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ باغبارانلىرىنى، ئېغىل ـ قوتانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

بىردىن قوشنىسى نىخاننىڭ ھەپتىدە دىگۈدەك ئەكىرىپ بەرگەن بىر ھېجىر قېتىقنى ئىچىپ ئادەتلىنىپ قالغان موماي دەرھال:

تاپتىم، ھەي بوۋاي،
باقايلى موزاي.
قېتىق بەك تەملىك،
ئىچىشكە قولاي.

قوشنىمىز نىخان،
بەش موزاي باققان.
قارا ئۇلارغا،
تۇرمۇشى ئوبدان.

بىزمۇ شۇلاردەك،
ئىشلەپ تۆت ـ بەش ئاي.

بولۇپ كېتەيلى،
موزاي بېقىپ باي.

ھېلىدىن بېرى قانداق چارۋا بېقىش ئويىدا خىيالى زاۋادىن ياۋاغا كۆچكەن بوۋاي موماينىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقاپ:

بولمايدۇ موماي،
باقمايلى موزاي.
قوشنام نىخاننىڭ،
ھالىغا مىڭ ۋاي...

موزاي چوڭىسا،
بولىدۇ كالا.
كالا دېگەننىڭ،
نەپسى بىر بالا.

بەرگىلى ئاشا،
نەدە ئوت ـ سامان.
ئويلايلى يەنە،
نېمە باقماق ئاسان.

دەپ، بوۋاي موزاي بېقىشقا قوشۇلماپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشى يەنە قېتىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي شۇ يوسۇندا ئويلىنىۋاتسا مەھەللىنىڭ چېتىدىن بىر ئېشەكنىڭ مۆگۈلۈق ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، بوۋاي سەكرەپ كېتىپتۇ:

تاپتىم ۋاي موماي،
بولغاچ مەن زېرەك.
ھېلى بازاردىن،
ئەپكېلەي ئېشەك.

قولايكەن ماڭا،
ئويلاپ باق خوتۇن.
ئېشەككە ئارتىپ،
توشۇسام ئوتۇن.
...

بوۋاينىڭ مەسلىھەتىمۇ مومايغا خۇشياقماپتۇ. ئۇ يەنە مـوزاي بېقىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

موزاي باققىلى،
سامان يوق دېسەك.
ئەمدى نېمىشقا،
باقىمىز ئېشەك؟

ئېشەكمۇ كۇندە،
يەيدۇ ئوت ـ سامان.
ياكى سۈتى يوق،
تەگمەيدۇ ھايان.

بوۋاي بىلەن موماي ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئـويلاپ قويدىـن

ئاتقىچە، تونۇشتىن ياتقىچە ھەممە ھايۋانلارنى بىر - بىرلەپ تاسقاپ چىقىپتۇ.

بوۋاي ئات باقلى دېسە، موماي:

ۋاي تووۋا، ۋاي داد،
باقمايلى بىز ئات.
ئات بىر كۆكلىسە،
قالمايمىز ھايات.

دەپتۇ. موماي قوي باقلى دېسە، بوۋاي:

بولدى، بولدى، ھوي،
باقمايلى بىز قوي.
باھاسى قىممەت،
بىرى تۆت يۈز كوي.

قوي ئالغۇدەك پۇل،
نە قىلسۇن بىزدە.
يەتمەس بېشىمىز،
تەكىي ئېگىزدە.

دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇزاق تالاش - تارتىشتىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي مۇنداق قارارغا كېلىپ، مومايغا ھەمراھ بولىدىغانغا بىر ئوغۇل، بوۋايغا ياردەمدە بولىدىغانغا بىر ئېشەك بېقىۋالىدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇ.

كۈن كېتىپ ئاي كەپتۇ. سۇ كېتىپ لاي كەپتۇ. بىچارە بوۋاي

ياۋاش ئېشەكنىڭ ياردىمىدە جاڭگالدىن تىنىمسىز ئوتتۇن توشۇپ سېتىپ كەلگەچكىمۇ، ياكى تەڭرى ئۇلارنىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز بەخت-تەلەي قۇشىنى قونىدۇردىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ ھال-كۈنى ياخشىلىنىپ كۈنسېرى باي بوپتۇ. بېقىۋېلىنغان ئوغۇلمۇ چوڭ بوپتۇ. لېكىن «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك كىچىكىدىن ئەتىۋارلاپ، ئەركە-نايناق چوڭ بولغان بۇ ئوغۇل ئەمدىلىكتە بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىنى تىنچ قىلماپتۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە كوچا-كويلاردا لاغايلاپ، ھاراق ئىچىپ. بەڭ چېكىپتۇ. يۇرتداشلار بىلەن ئورۇنسىز جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ مەھەللىنى بېشىغا كىيىپتۇ.

موماي ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، بىكار يۈرگۈچە ئاتىسىغا ياردەملىشىشنى جېكىلىسە ئوغۇل مومايىنى ھاقارەتلەپ تىل ياندۇرۇپتۇ. بوۋايغا كۆز ئالايتىپ قول ساپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايىنى زار-زار قاقشىتىپتۇ. قىسقىسى بۇ ئوغۇل بۇ ئائىلىگە بالا ئەمەس «بالا» بوپتۇ.

بىر ئازنا كۈنى بوۋاي كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئېشەكنى توقۇپ جاڭگالغا بېرىشقا تەييارلىنىۋاتسا، «بالا» ئۇنى قىستاپتۇ:

ماڭا مىڭ كوي پۇل كېرەك،
ئەتە شەنبە سەھەرگە.
دوستلار بىلەن كىرمەكچى،
بولغاندۇق شەھەرگە.
......

بوۋاي يېنىدا بار پۇللارنىڭ ھەممىسىگە، يېقىندا مومايىنى داۋالاتقانلىقىنى ئېيتىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە پۇلنىڭ

ئامالىنى قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى دەپتۇ.

توختا بالام، ئىككى كۈن،
تېپىپ بېرەي ساڭا پۇل.
داۋالىتىپ ئاناڭنى،
بولۇپ قالدىم قۇرۇق قول.

بۇگۈن، ئەتە ئۆتۈننى،
ساتسام بالام بازاردا...
......

ئاتىسىنىڭ پۇل بېرىش ئۈمىدىنى يوقاتماي تۇرغان، قۇرۇق دەرد سۆزلەپ بېشىنى ئاغرىتقانلىقىدىن ئاچچىقلانغان «بالا» شۇئان توۋلاپتۇ:

قۇرۇق گەپكە خۇشۇم يوق،
نەدىن تاپساڭ تېپىپ بەر.
پۇل بولمىسا ئۆتنە ئال،
يا ئېشەكنى سېتىپ بەر.

خويمۇ تويدۇم بۇ ئۆيدىن،
سەن قەلەندەر گادايدىن،
چوقۇم قېچىپ كېتىمەن،
دوستلار بىلەن بۇ جايدىن.

كىچىكىدىن ئەتىۋارلاپ باققان ئوغلىنىڭ، بىچارە ئاتىسىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، قىلغان ئاچچىق ئاھانىتىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن موماي تۇرغان ئورنىغا يىقىلىپتۇ ـ دە، مېڭىسىگە قان

چۈشۈپ جان ئۈزۈپتۇ. ۋاپاسىز ئوغۇل ھېچ پەرۋاسىز شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. بوۋايغا پەقەتلا بىچارە ئېشىكى ھەمراھ بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغ بوۋاي قاتتىق ئۇھسىنىپ «بالا» باققۇچە پادا باقمىغانىغا كۆپ پۇشايمان قىپتۇ.

شۇندىن بېرى خەلق ئارىسىدا «ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، ھايۋان بالىسى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر» دېگەن ماقال-تەمسىل تارقىلىپتۇ.

# موزاي بىلەن تەخەينىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى

ھېلىقى كۈنى ئورماندا ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار بايرىمىنى تەبرىكلەش تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاق توشقان بىلەن تاشپاقا ئوتتۇرىسىدىكى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئاق توشقاننىڭ ئۇتتۇرۇپ، تاشپاقىنىڭ ئۇتۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ، يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرىنىڭ ئىككىنچى گۇرۇپپىسى بويىچە ئەمدى يۈگۈرۈشۈپ بەسلىشىش نۆۋىتى موزاي بىلەن تەخەيگە كەپتۇ.

جاكارچى ئاغمىخاننىڭ ئۈنلۈك چاقىرىقى بىلەن پۈتىغا ئاچا پەنجىلىك يۈگۈرۈش ئايىغى، ئۇچىسىغا زىغىررەڭ تەنھەرىكەت كىيىمى كىيگەن موزاي بىلەن كەڭ تاپان يۈگۈرۈش خىپىنىڭ بوغقۇچىنى چىگىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن قارا تەخەي ئالدىراپ يۈگۈرۈش مەيدانىغا يېتىپ كەپتۇ. ھەممىنىڭ نەزىرى بۇ ئىككى دوستىغا، ئۇشبۇ مىنۇتتىكى ئىككى ماھىر يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسىگە چۈشۈپتۇ. ئوتلاقتىكى جىمى پاراڭ ھامان شۇلار ئۈستىدە بوپتۇ. تويتىكىلەر گاھى ئۈنلۈك ۋارقىراپ، گاھى بىرى-بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئۇلارنى باھالاشقا باشلاپتۇ.

دېمىسىمۇ موزاينىڭ تۇخۇمدەك يۇمىلاق گەۋدىسىگە خوپ ياراشقان تەنھەرىكەت كىيىمى، ئۇنى ئاۋۋالقىدىنىمۇ نەچچە ھەسسە

بەستلىك، چاققان كۆرسىتىپتۇ. لېكىن، تەخەي كىيىۋالغان تەنھەرىكەت كىيىمىنىڭ رەڭگى تۇتۇق بولغاچقىمۇ، ياكى كىيىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تېنىگە سەل چوڭ كېلىپ قالغانمۇ، كۆرگەنلا ئادەمگە ئاكىسىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن كىچىك بالىنى ئەسلىتەتتى. قىسقىسى تەخەينىڭ كىيىنىشى ئۇنىڭ بۇرۇنقى چەبدەس خاراكتېرىگە پەقەت لايىق ئەمەس ئىدى.

ئوتلاقتا ھەممە ئىشنى ئالدىن مۆلچەرلەپ كۆنۈپ كەتكەن ئالدىپەش دوستلار، ئاللىبۇرۇن موزاي بىلەن قارا تەخەي ئوتتۇرىسىدىكى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىسىنى پەرەز قىلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ.

ــ موزاي ئۇتۇپ چىقىدۇ، ــ دېيىشىپتۇ بەزىلەر ئاغزىغا ماغزاپ يىغىپ، ــ كونىلار «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دەپتىكەن. قاراڭلار، ئۇنىڭ تۇرقىغا. تەييارلىقى پۇختا، كەيپىياتى شۇنچە روھلۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يىللاردىن بېرى ئوتلاقتا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر قانداق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە تايچاقتىن باشقا ھېچبىرىگە ئۇتتۇرۇپ باققان ئەمەس. ئاڭلىسام ئۇ يېقىندا...

ــ ھاي، دوستلار، ــ دېيىشىپتۇ يەنە بەزىلەر قارا تەخەينى ئىما قىلىشىپ، ــ كونىلار «چۆجىنى كۈزدە سانا» دېگەن گەپنىمۇ قىلغان. ئالدىراپ بىرنېمە دېگىلى بولماسمىكىن. مۇسابىقە دېگەن جەڭگە ئوخشايدۇ. يا غەلىبە قىلىدىغان يا مەغلۇپ بولىدىغان گەپ. ھامان ئىككىسىنىڭ بىرى ئۇتتۇرىدۇ. تەخەينىمۇ بوش چاغلاشماڭلار، ئۇنىڭ ئورمانىدىن ئوتۇن توشۇغاچ، بۇ مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىۋاتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولدى. لېكىن، موزايغا قارىساق پاسار

چايناپ ياتقىنى ياتقان...

توپ ئىچىدە بۇ ئىككى ئەزىمەت توغرىسىدا ھەر قىسما تالاش-تارتىش بولۇشۇپتۇ. بىرچاغدا تەخەيمۇ خېپىنىڭ بوغقۇچىنى چىگىپ تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپتۇ. يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرىنىڭ رىيىرى تاغىل ئاسلان قولىدىكى مىس قوڭغۇراقنى يېنىك جىرىڭلىتىپ مۇسابىقە شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

— بۇ قېتىملىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى ئورماننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قىرى تېرەككىچە بولىدۇ. كىم ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئۈچ قاتلام مۇساپىنى تاماملاپ چىقالىسا مۇسابىقىدە شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

شەرت شۇكى، تەنھەرىكەتچىلەر ھەر قېتىم ئاخىرقى پەللىگە بارغاندا چوقۇم تېرەككە ئەن سېلىپ قويۇشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئاخىرقى پەللىگە نەچچە نۆۋەت بارغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىمىزغا، جۈملىدىن مۇسابىقىنىڭ ئادىل ئۆتكۈزۈلۈشىگە پايدىلىق...

رىيىرى تاغىل ئاسلان ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە موزاي بىلەن قارا تەخەينىڭ ھەر ئىككىلىسى قوشۇلۇپتۇ، تاغىل ئاسلاننىڭ قاتتىق ئىسقىرتىشى بىلەن تەڭ موزاي بىلەن قارا تەخەي يۈگۈرۈش نۇقتىسىدىن ئورمانغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئورمان بىلەن ئوتلاق ئارىلىقىدىكى بۇ يىلانسىمان چىغىر يولدا كۈندە نەچچە رەت ئوتۇن توشۇپ، سالماق يۈگۈرۈشكە كۈنۈپ كەتكەن قارا تەخەي، موزاينى چوقۇم يېڭىۋالىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ. ئاتىسى بوز ئېشەكنىڭ مەيدانغا چىقىش ئالدىدا ئېيتقان نەسىھەتلىرىنى خىيالدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

«ئوغلۇم، مۇسابىقە بولغانىكەن رىقابەت بولىدۇ. ئىلمىي، توغرا بولغان رىقابەت ئىككى ھامان مۇسابىقىدە غالىب كېلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئېسىڭدە بولسۇنكى، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئۆلمەس مىزانى، دوستلۇق بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچىدۇر. لېكىن شۇنىمۇ سەمىڭگە سېلىپ قويايكى، قىلدەك سەۋەنلىك پولاتتەك بويۇننى ئەگدۇرىدۇ. ياۋنىڭ كۆچىگە سەل قارىغانلىق ئۇتتۇرغانغا باراۋەر...»

چوڭلار بىر ئىشنى نېمىدىگەن ئەتراپلىق ئويلايدۇ ـ ھە! قارا تەخەي ئاتىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن بۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە سەل بىخەستەلىك قىلىپ قويسا موزايغا ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىپتۇ. جاسارىتى يەنىمۇ ئۇرغۇپتۇ. دېگەندەك قارا تەخەي «ھاينى ھۇيت، ئاتنى تۇت» دەپ بولغۇچە ئورماننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قېرى تېرەكنىڭ تۈۋىگە بىرىنچى بولۇپ كېلىپ، قېرى تېرەكنى غاجاپ ئەن سېلىپ قويۇپ ئالدىراپ كەينىگە يېنىپتۇ.

قارا تەخەي ئىككىنچى رەت يۈگۈرۈپ تۇرسۇن ئەمدى گەپنى موزايدىن ئاڭلايلى.

موزاي شۇ چاغ قۇيۇندەك سۈرئەتتە پەللىدىن چىققانچە توختىماي يۈگۈرۈپتۇ. يۈگۈرۈپتۇ... بەك تېز يۈگۈرۈپ كەتكەچكە، موزاي ئورمان ئېغىزىغا بارغاندا دېمى سىقىلىپ، ئۆپكىسى ئېچىشىپ بولالماي، بىردەم ئارام ئېلىشقا توختاپتۇ. بۇرۇن شۇنچە كۆپ مۇسابىقىگە قاتناشقاندىمۇ بۇ دەرىجىدە ھېرىپ، تالچىقىپ كەتمىگەن موزاي، ئۆزى بىلەن قارا تەخەينى سېلىشتۇرۇپ:

ـــ مەن بۇنچە بولۇپ كەتكەن يەردە، ھاڭۋاقتى تەخەي بۇ جاپاغا قانداقمۇ چىدىسۇن. مەن باشتا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ھامان

ئۇتتۇۋالىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئاداش كونىلار «ئوينىشىماڭ ئەرباپ بىلەن، ئەرباب بابىلار ھەر باب بىلەن» دەپتىكەن، مەن بىلەن يۇگۇرۇشكۇچە ئاناڭنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالا دېسەم ئۇنىماي كېتىشلىرىچۇ، ئۇنىڭ. خوپ بولىدى. ئۆزىگىمۇ قىلىدى. ماڭمۇ قىلدى... موزاي شۇ خىيالدا خېلى ئارام ئاپتۇ. قارا تەخەينىڭ بۇدەمگىچە كەينىدىن يېتىشىپ كەلمىگەنلىكىنى سەزگەن موزاي تەخەينى يۇگۇرۇش جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مۇسابىقىدىن ۋاز كېچىپ كەينىگە يېنىپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ئورمانىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى كونا سامانلىقتا ياخشى غىزالىنىپ، يۇگۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ. ھاردۇقتا خۇدىنى بىلمەي قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋەتكەن موزاينى ئەمدىلىكتە قاتتىق ئۇيقۇ بېسىپ تۇۋرۇككە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، شېرىن ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە مۇنداق ئىش كۆرۈپتۇ.

موزاي بۇ قېتىملىق مۇسابىقىدىمۇ قارا تەخەينى ئۇتۇپ يەنە بىر قېتىم ئۆز جاسارىتىنى نامايان قىپتۇ. ھەممە ئۇنى ئالقىشلاپ ئاسمانغا ئېتىپتۇ. بويىنىغا گۈلچەمبىرەكلەرنى ئېسىپ مۇبارەكلەپتۇ. ئوتلاق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ياشلار جاسارىتى» مەخسۇس پىروگراممىسىنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن يايلاق «ناماز شام گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلىشىپتۇ.

— مو ئەپەندى، سىز بۇگۇن تولۇپ-تاشقان جاسارىتىڭىز بىلەن رىقابەتچىڭىز قارا تەخەينى مەغلۇپ قىلىپ، ئوتلاقتا يەنە بىر نۆۋەت تونۇلدىڭىز. مېنىڭچە تېز يۇگۇرۇش مو ئەپەندىنىڭ ئىرسىي تالانتىمۇ، قانداق؟

— توغرا دېدىڭىز، پېقىر ئوتلاقنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد

يۈگۈرۈش ماھىرى بولىمەن. بوۋام ئۆز ۋاقتىدا يولۋاس بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ، ئۇنى ئۇتۇۋالغاچقا رەقىبلىرى تەرىپىدىن قەستكە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتامنىڭمۇ ئۆتكەن يىلدا ياشانغانلارنىڭ مۇللاقچىلاپ يۈگۈرۈش تۈرىدە چېمپىيون بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. مېنىڭچە تېز يۈگۈرۈش بىزنىڭ جەمەتىمىزدىكىلەرنىڭ تۇغما ئۈستۈنلۈكىمىز بولسا كېرەك.

...

— مو ئەپەندى كۆپچىلىككە دەيدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز باركىن؟...

— مەن ئوتلاقتىكى يۇرتداشلارنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى ئاستىدا بۈگۈنكى بۇ نەتىجىگە ئېرىشتىم. شۇنداقلا ئوتلاقتىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋاكالىتەن كېلەر يىلى مازار تاغدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھايۋانلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم... مەن يۇرتداشلارغا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى: ھايۋانلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلانغۇچە، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، رىقابەتچىلىرىم كۆك تايغان بىلەن سىم بۆرىنى چاشقاننى ئۇتۇپ ئوتلاقتىكى يۇرتداشلارغا شەرەپ كەلتۈرىمەن. مۇشۇ تۈردە قۇشلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ دۇنيا جىنس رېكورتى يارىتىپ ئوتلاقنى دۇنياغا تونۇتىمەن.

...

ھاياجاندا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەن موزاي بېشىنىڭ تامغا ئۇرۇلۇشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. تەخەينىڭ ئوتلاقتىن ئاڭلىنىۋاتقان «ھا.. ھا.. ھاھ» لىغان كۈلكە ساداسى

بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئالقىشلاردىن ئۆزىنىڭ تەخەي بىلەن يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالغان موزاي، ئامالسىز مۇسابىقىدە ئۇتتۇرغانلىقىنى تەن ئېلىپ ئوتلاققا قايتىپتۇ. كېيىن موزاي باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ مۇسابىقىدە تەخەيگە يېڭىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتلاقتا «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ.

ئاتىلاشلارغا قارىغاندا ئېشەكنىڭ دەل - دەرەخلەرنى غاجىلىشى دەل شۇ ۋاقىتتىكى مۇسابىقە شەرتى بويىچە تېرەككە ئەن سالغىنى ئىكەن. شۇڭا ئېشەك ھەر قېتىم شۇ قېتىملىق غەلبىنى ئېسىگە ئالسىلا «ھا.. ھا.. ھاھ»لاپ كۈلۈپ كېتىدىكەن.

# «يالغانچى بالا» نىڭ كارامىتى

(خەلق ئارىسىدىكى «يالغانچى بالا» ناملىق بالىلار چۆچىكىگە ئاساسەن قىسمەن ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاپ يېزىلدى)

بۇرۇن بىر بالا ئوت ـ چۆپلىرى بولـۇق، توققـۇزى تولـۇق، سۈيى ئېقىن، كەنتكە يېقىن بىر ئوتلاقتا مەھەللىدىكىلەرنىڭ قـوي ـ پادىلىرىنى باقىدىكەن. بۇ بالا ئەقلـىنى بىلگەنـدىن بـېرى مۇشـۇ ئوتلاقتا قوي بېقىپ مەھەللىدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىپ كەلگەچـكە، ھەممە ئۇنىڭدىن خۇش ئـكەن. بالىنـىڭ پـادا بېقـىشىدىن رازى ئىكەن. دېمـسىمۇ بـالا قـوي ـ پـادىلارنى ئاجايـىپ كۆيۈنـۈپ باقىدىكەنكى، پادا توپىدىن بىر قەدەممۇ يىراق كەتمەيدىكەن.

كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى بالا ناخشىسىنى ئېيتىپ، كۈندىلىك ئادىتى بويىچە قوي ـ پادىلىرىنى ھەيدەپ ئوتلاققا مېڭىپتۇ.

بولۇپ قالدىم پادىچى،
ئۈچ يۈز ئەللىك قويۇم بار.
خەلق ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن،
تۆھپە قوشۇش ئويۇم بار.

تاك سەھەردە چىقىمەن،
پادا ھەيدەپ ئوتلاققا.

تويماي، تويماي قارايمەن،
قوزا بىلەن ئوغلاققا.

قوي ـ ئۆچكىلەر دوستلىرىم،
يوشۇرمايمەن قىلچە سىر.
قەست قىلالماس ئۇلارغا،
مەن بار يەردە بۆرە ـ شىر.

ئاش ۋاقتىدا بالا قوي ـ پادىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئوتلاققا چىقىپتۇ، توغراق ـ تېرەكلەرنىڭ، يانتاق ـ پىلەكلەرنىڭ غازاڭلىرىنى قېقىپ، ئالتۇندەك سارغايغان، مىستەك تاۋلانغان خازاڭلاردا پادىلارنى بېقىپتۇ. كەچكە يېقىن بالا زېرىكىپ كەنتتىكىلەرنى ئەخمەق قىلىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش خىيالىدا كەنتكە قاراپ توۋلاپتۇ:

بۆرە كەلدى ئوتلاققا،
يۇرەكلىرىم سەپ كەتتى.
تېز بولۇڭلار خالايىق،
بۆرە قوينى يەپ كەتتى.

بۆرە كەلدى خالايىق،
تېز ئوتلاققا چىقىڭلار.
چىلبۆرىنىڭ قارنىغا،
ئارا ـ ئورغاق تىقىڭلار.

قۇرۇتايلى ئوتلاقتىن،
چىلبۆرىنىڭ پۇشتىنى.
تېتىپ باقسۇن ياۋۇزلار،
ئىنسانلارنىڭ مۇشتىنى.
......

كەنتتىكىلەر بالىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئارا - ئورغاق، كەتمەن - تاياقلارنى كۆتۈرۈشۈپ، ئوتلاققا كەلسە بۆرە يوق. كەنتتىكىلەر بالىدىن سوراپتۇ:

نىمە بولدى جان بالام،
بۇنچە توۋلاپ كەتكۈدەك.
قېنى بۆرە كۆرسەتكىن،
ئادەم چىقتۇق يەتكۈدەك.

بالا كەنتتىن چىققان بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۆزىچە شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئەخمەق قىلالىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىپتۇ:

نەدىن كەلگەن بۆرە ئۇ،
مەن بار يەردە بۆرە يوق.
ئەخمەق قىلىپ سىلەرنى،
ئالدىم بۇگۇن راسا زوق.

بولدى قايتىپ كېتىڭلار،
بۆرە كەلسە چاقىراي.

دىڭ تۇتۇڭلار قۇلاقنى،

بايامقىدەك ۋارقىراي.

......

كەنتتىكىلەر بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، غۇدۇراشقىنىچە كەنتكە قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىقىدەك يالغانچىلىق كۆڭۈل خوشلۇقى ھەپتە ئىچىدە كۈندە دېگۈدەك تەكرارلىنىپتۇ. كەنتتىكىلەر بالىدىن ئەنسىرەپ ئوتلاققا ئۈچ - تۆت نۆۋەت چىقىپ يېنىپتۇ. بالا شۇ يوسۇندا ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بۆرە كەلدى ئوتلاققا،

يۈرەكلىرىم سەپ كەتتى.

تېز بولۇڭلار خالايىق،

بۆرە قوينى يەپ كەتتى.

ۋاي، ۋاي ئىسسىت قويلىرىم،

تۇرۇڭلارچۇ، تۇرۇڭلار.

تىز كېتەيلى كەنتكە،

يۈرۈڭلارچۇ، يۈرۈڭلار.

......

يالغان گەپنى كۆپ ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغان كەنت خەلقى كېيىنكى كۈنلەردە بالىنىڭ چاقىرىقىغا ئانچە زەن سالماپتۇ.

گەرچە بالىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئالدىنقى قېتىملاردا ئوتلاققا بىكارغا چىقىپ، ئەتەي بالىنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ، بالىنى يەنە ئويۇن

قىلمىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ھېچكىمنىڭ بالا بىلەن كارى بولماپتۇ. ئەكسىچە بەزىلەر بالىغا جاۋابەن:

بولدى بالام، ۋارقىرىما،
بىكار ئەمەس قولىمىز.
سېنىڭ بىلەن ئويناشقا،
تەگمەس ئەمدى چولىمىز.

خاپا بولماي بۈگۈنچە،
ئۆزۈڭ يالغۇز ئويناپ تۇر.
بىزنى ئەخمەق قىلىشتىن،
باشقا ئىشنى ئويلاپ تۇر.

دەپ، ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بوپتۇ.

«يالغان گەپ مىڭ تەكرارلانسا راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەندەك بىر كۈنى ئوتلاقتا راستتىنلا بۆرە كەپتۇ. بالا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، قورقىنىدىن ئىشتىنىغا سىيىۋەتكىلى تاس قاپتۇ. بۆرىلەر بىر نەچچە قوينى بوغۇپ تاشلاپتۇ. سىرداش ھەمراھلىرىنىڭ بىئەجەل بوغۇلغانلىقىدىن چىداپ تۇرالمىغان بالا زار-زار يىغلاپتۇ. كەنتتىكىلەرنى چاقىرغان بىلەنمۇ، ئۆزىنىڭ راست گېپىگىمۇ ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ ھالدا كەنتتىن ياردەمگە ئادەم كېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. بۇرۇن كەنتتىكىلەرنى ئالداپ ئەخمەق قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ، كەنتتىكىلەرنى ئوتلاقتا چاقىرىپ، بۆرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ يېگانە ئامالىنى ئىزدەپتۇ.

ئۆز ۋاقتىدا ئىككى يىل بولسىمۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى، رەھمەتلىك دادىسىنىڭ نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ قاتتىق ئويلىنىپتۇ. ئويلا ـ ئويلا شۇنداق ئامال تېپىپتۇكى، ئولتۇرغان يېرىدىن بۇرگىدەك چاچراپ تۇرۇپ كەنتكە قاراپ يەنە توۋلاپتۇ:

بايلىق تاپتىم ئوتلاقتىن،
خالايىق تېز كېلىڭلار.
لازىم بولسا قانچىلىك،
ئىختىيارىي ئېلىڭلار.

ماۋۇ قانداق تاش ئۆزى،
بىلەلمىدىم زادىلا.
خۇشاللىقتىن شۇتاپتا،
سەكرەپ كەتتى پادىلار.

كەنتتە ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن كىشىلەر بالىنىڭ باشقا سۆزلىرىنى ئانچە ئاڭقىرالمىسىمۇ، ئوتلاقتىن كېلىۋاتقان ئەكس سادادىن بالىنىڭ بايلىق توغرىسىدا بىر نېمە دەۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ، بالىنىڭ ئۆز كەنتىدىكىلىرىدىن تارتىپ قوشنا كەنتتىكىلەرگىچە بولغان بارچە كىشى قوللىرىدىكى ئارا ـ ئورغاق، كەتمەن ـ تاياقلارنى تاشلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئوتلاققا چىقىپتۇ.

كەنتتىكىلەرنىڭ ئوتلاققا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بالا بۆرە بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان چاقماق مۈڭگۈز ئاق قوچقارنىڭ بېشىغا كېلىپ مىشىلداپ يىغلاپ، مۇنداق دەپتۇ:

ــ بايام ئاۋۇ يەردىكى قارا تاشنىڭ قېشىدا پادىلارغا نەزەر

سېلىپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز ماۋۇ قوچقار يېنىمغا كېلىپ:

«ئۆتتى بەش ياز، بەش باھار.
بولدۇڭ بىزگە غەمگۇزار.
ئېيتاي ساڭا، بۇ دۆڭدە،
يوشۇرۇلغان بايلىق بار.

بۇ بايلىقتا ئەل - يۇرتنى...»
دېيىشىگە ئۇ ماڭا.
بۆرە كېلىپ ئوتلاقتا،
قول ئۇزاتتى ئاھ! ئاڭا...

بالا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھىق تۇتۇپ يىغلاپ كىتىپتۇ. ئوتلاقتا چىققان ساددا خەلق بالىنىڭ سۆزىگە ئاسانلا ئىشىنىپ بايلىق يوشۇرۇنغان جاينىڭ ئورنىنى سوراپتۇ. بالا دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھېلىلا بىر توپ بۆرە ھۇۋلاپ تۇرغان دۆڭنى ئىما قىلىپ:

— ئەنە ئاشۇ دۆڭ شۇ... لېكىن ئۇ دۆڭدە ھازىر بىر توپ بۆرە...

بالىنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىغان كەنت خەلقى، بالا ئىما قىلغان دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. دۆڭلۈككە چىقىپ بىھېساب بايلىققا ئىگە بولۇش خىيالىدا قاتتىق كۈچلەنگەن كەنت خەلقى قولىلىرىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى قورال قىلىپ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ھەممە بۆرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۆمرىدە كەتمەن چىشى تەگمىگەن بۇ دۆڭلۈكتە ئەمگەك قايناپتۇ. ھەممە بايلىق ئىزدەش ھەلەكچىلىكىدە دۆڭنى ئالا

قويماي ئاختۇرۇپ تۈزلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوتلاق باغرىدىن ھېچكىم سەزمىگەن ھالدا تەبىئىي بىپايان بوز يەر ئېچىلىپتۇ. ئوتلاق بارغانسېرى كېڭىيىپتۇ.

كۈنبويى بۇ دۆڭدە ئىشلەپ، بايلىق تۈگۈل بىرەر تۈگمىگە چاغلىق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن خەلق بىرچاغدا بالىدىن سوراپتۇ:

— خوش، بالام. دۆڭنىمۇ يۆتكەپ بولدۇق. ئەمدى چاقچاق قىلماي، بايلىق كۆمۈلگەن جاينى كۆرسەت. گۈگۈم چۈشكۈچە بايلىقلارنى مەھەللىگە يۆتكىۋالايلى، — دەپتۇ، بايلىقلارنى كۆرۈشكە ئالدىراپ تاقىتى تاق بوپتۇ. كەنتتىكىلەرنىڭ نەچچە سائەتلىك جاپالىق ئىشلىشى ئارقىلىق چىلبۆرىلەرنى تامامەن يوقىتىپ، ئوتلاقتىكى قوي ـ پادىلارنى قوغداپ، تاغدەك دۆڭنى مۇنبەت يەرگە ئايلاندۇرغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان بالا ئوتلاقتا بەخىرامان ئوتلاۋاتقان مال ـ چارۋىلارنى كۆرسىتىپ:

— مەن ئېيتقان بايلىق ئەنە شۇ. بۈگۈن ھەممىڭلار ئوتلاققا چىقىپ نابۇت بولۇش ئالدىدا تۇرغان بايلىقىڭلارنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار. سىلەرچە كۆز ئالدىڭلاردىكى بۇ قوي پادىلىرى بايلىق ئەمەسمۇ....

كەنت خەلقى يالغانچى بالىغا يەنە بىر نۆۋەت ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ، كۆز ئالدىدىكى بارغانسېرى كېڭىيىپ بارغان ئوتلاق كۈنسېرى ئاۋۇۋاتقان قوي پادىلىرىدىن سۆيۈنۈپتۇ. بالىنىڭ بۈگۈنكى ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇنىڭ بۇ قىممىلىق يالغانچىلىقىنى كەچۈرۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالا يالغانچىلىقىنى تاشلاپ راستچىل، ئەدەپلىك بالا بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ.

# ئۇر توقماقنىڭ ئاقىۋىتى

بوۋاي بىلەن موماي ۋاپات بولۇپ گەپ نەۋرىلەر ئۈستىدە قاپتۇ.

كىچىكىدىن بىرەر ھۈنەر، ئىلىمنىڭ بېشىنى تۇتماي جىگدە سايىسىدا ئويناپ چوڭ بولغان بۇ ئۈچ نەۋرە ئەمدى قىرانلىق مەزگىلىدە بوۋىسىدىن مىراس قالغان ئۈچ گۆھەرنى بۆلۈشۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بوۋاينىڭ كونا كەپىسىدىن جېدەل- ماجىرا بېسىقماپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئادىل پادىشاھ ئۈچ نەۋرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۈچ گۆھەرنى ئايرىپ قويۇپتۇ.

بوۋاينىڭ چوڭ نەۋرىسى «ئۇرتوقماق» نى، ئوتتۇرانچى نەۋرىسى «ساڭقاق ئېشەك» نى، كەنجى نەۋرىسى «ئېچىل داستىخان»نى ئاپتۇ.

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ جىگدە چېچەكلىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاينىڭ ئۈچىلا نەۋرىسى تۈگمەنچىنىڭ كەنجى قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە بۇ ئىشنى بىر- بىرىدىن سىر تۇتۇپتۇ.

بۇنى سەزگەن ئاچ كۆز تۈگمەنچى ئۈزۈندىن بۇيان قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە بولۇۋاتقان، ئۈچ گۆھەرنىڭ ئۆز چاڭگىلىغا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، گۆھەرنى قولغا چۈشۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

تۈنجى بولۇپ بوۋاينىڭ ئوتتۇرانچى نەۋرىسى تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ.

ھېلىگەر تۈگمەنچى ئەلچىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. قىرىق خىل غىزا ـ تائاملارنى تەييارلاپ، پۈتۈن يۇرت خەلقىنى چوڭ ئاشپۇزۇلدا زىياپەت بېرىپ ئۆزىنىش شەرتى بىلەن تويغا قوشۇلۇپتۇ.

ئىككىنچى قېتىمدا تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىگە بوۋاينىڭ كەنجى نەۋرىسىنىڭ ئەلچىلىرى كىرىپتۇ. تۈگمەنچى بۇ ئەلچىلەرنىمۇ ياخشى مېھمان قىلىپ، ھويلىسىغا ئالتۇندا خىش ياتقۇزۇپ بېرىش شەرتىنى قويۇپ، توي تەييارلىقى كۆرۈشنى قوبۇل قىلىپتۇ.

بىرى بىرىنىڭ ئەلچى كىرگۈزگەنلىكىدىن بىخەۋەر بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەمگە چۆكۈپتۇ.

ئەگەر ئىنىمغا دېسەم... ـــ دەپ ئويلاپتۇ بوۋاينىڭ ئوتتۇرانچى نەۋرىسى، ـــ ئۇ بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا، ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ. توغرا، ئۇنى ئالداپ قولىدىكى «ئېچىل داستىخان» نى قولغا چۈشۈرسەم...

ئەگەر ئاكام بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا...ـــ بوۋاينىڭ كەنجى نەۋرىسىمۇ خىيالغا تۇتقۇن بولۇپتۇ، ـــ ئۇ چوقۇم مەن سەندىن چوڭ دەپ «ئۇنى» مەندىن تارتىۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنىڭ گۆھىرىنى يالغاندىن بىرنەچچە كۈن ئارىيەت ئالاي... ھېچبولمىسا داستىخان بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۇرارمەن..

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ئالداپ گۆھەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ خىيالىدا بولۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن بوۋاينىڭ ئوتتۇرانچى نەۋرىسى ئىنىسىگە:

ـــ ئوماق ئۇكام، كېچىدىن يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە بوۋام بىلەن مومام ماڭا ھەدەپ تەڭنە سۇنۇپ تاماق تىلەۋاتقۇدەك، ئۇلارنىڭ روھى ياغ سېغىنغان ئوخشايدۇ، «ئېچىل

داستىخان»نى بىر نەچچە كۈن بېرىپ تۇرساڭ، بوۋام- مومامنىڭ روھىغا ئاتاپ بىر نەچچە قېتىم نەزىر قىلىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرسەم... — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ كەنجى نەۋرىسىنىڭمۇ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ.

— چۆشۈڭ بۇزۇلۇپ يامان بولۇپتۇ، بوۋام- مومامنىڭ روھى ياغ سېغىنغان چېغى، بوپتۇ، «داستىخان» نى بېرىپ تۇراي، سەنمۇ ئېشىكىڭنى ماڭا بىر نەچچە كۈن بېرىپ تۇرغىن، جاڭگالدىن بىر- ئىككى نۆۋەت ئوتتۇن ئېلىپ چىقىۋالاي، قىش كىرسە سەنمۇ ئوتۇنغا كىرمىسەڭ بولماس، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاكا- ئىنى ئىككىسى سىرنى بىر- بىرىگە بىلدۈرمەي گۆھەرنى تېگىشىپتۇ، كۆڭلى تىنىپ توي تەييارلىقى قىلىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاينىڭ چوڭ نەۋرىسىمۇ تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئىشنى توغرىلاشنىڭ يولىنى قىلىپتۇ. تۈگمەنچى بۇ قېتىمقى ئەلچىلەرگە ئالدىنقى قېتىمدا ئەلچىلەرگە قويغان ھەر ئىككى شەرتنى قويۇپتۇ. شەرت قاچان ھازىرلانسا، توينى شۇ چاغدا قىلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. بۇ شەرتتىن خەۋەر تاپقان بوۋاينىڭ چوڭ نەۋرىسى كۆپ ئويلىنىپ قېرىنداشلىرىدىن ياردەم سوراش قارارىغا كېلىپ، نىيىتىنى ئىنىلىرىگە بايان قىپتۇ. لېكىن ئىنىلىرى ھەرخىل باھانە- سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆز گۆھىرىنى ئاكىسىغا بېرىشكە قوشۇلماپتۇ. ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىپ بىر كۈن بولسىمۇ توينى بۇرۇن قىلىش نىيىتىدە تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا يوشۇرۇن تەييارلىق قىلىپتۇ.

ئىنىلىرىنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىكىدىن غەزەپلەنگەن بوۋاينىڭ چوڭ نەۋرىسى ئۆز گۆھىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قالغان ئىككى گۆھەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ نىيىتىنى قىلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا

قارا قولىنى سۇنۇپ جانان ئۇچۇن ئىككى جاندىن كېچىپتۇ. ھەپتىدىن كېيىن بوۋاينىڭ چوڭ نەۋرىسى تويلۇق شەرتىنى تەل قىلىپ تۆگمەنچىنىڭ ھويلىسىدا ھازىر بولۇپتۇ. شۇنچە مۈشكۈل ئىككى شەرتنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى كۆرگەن تۆگمەنچى بارلىق گۆھەرنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى پەملەپ، يالغاندىن ھىجىيىپ:

— يارايسەن ئوغلۇم، يارايسەن. مانا ئەمدى مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتىڭ. قېنى تۆرگە ئۆت، ئالدى بىلەن توينىڭ گۈل چېيىنى ئىچەيلى، ئاندىن توي ئىشىنى مەسلىھەتلىشەيلى، — دەپتۇ، بولغۇسى كۈيئوغلىنى سۈپىغا باشلاپ ئازازۇل ئايالىنى چاي دەملەشكە بۇيرۇپتۇ.

ئازازۇل خوتۇن تۆگمەنچى بىلەن ئالدىن كېلىشىپ قويغىنى بويىچە چايغا چاشقان دورىسى سېلىپ ئېلىپ چىقىپ بولغۇسى كۈيئوغلىغا سۇنۇپتۇ. نېسى ۋىسال شادلىقىدىن مەستخۇش بولغان كۈيئوغۇل چاينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ پىيالىنى بولغۇسى ئانىسىغا ئۇزىتىپلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان ئورنىغا يىقىلىپتۇ.

تۆگمەنچى بىلەن ئازازۇل خوتۇن خۇشاللىقىدىن گۆھەرگە ئېسىلىپتۇ. كىم بىلسۇن، شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئۈچ گۆھەر ئۆز خاسىيىتىنى يوقىتىپ، ئاددىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئاڭلىشىمچە تۆگمەنچىنىڭ ئائىلىسى تا ھازىرغىچە ھېلىقى داستىخاندا تاماق يەپ، توقماقتا قوناق سوقۇپ، ئېشەكنى مىنىپ يۈرگۈدەك.

# شوخباشنىڭ ئورمان سەپىرى

كىچىك دوستلار سىلەر چۆچەكچى تاغائىلار جاسارەت جاپپار يازغان «چوغباش بىلەن شوخباش» توغرىسىدىكى چۆچەكنى ئوقۇغان. ئۇ چۆچەك هازىر سىلەر ئاڭلىماقچى بولغان چۆچەكنىڭ بېشى ئىدى. هازىر ئاڭلىماقچى بولغان چۆچىكىڭلار ئاشۇ چۆچەكنىڭ ئاخىرى.

## (1)

هېلىقى كۈنى چوغباش شوخباشنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كاپ-كاپ كۈچۈكىنى ئىزدەپ ئورمانغا مېڭىپتۇ، بىراق ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە قوشۇلماي شوخباشنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئۆيگە قايتىشقا دەۋەت قىپتۇ:

شوخباش بالام، جان بالام،
مەهەللىدە خان بالام.
يوق ئورماندا چىن تۆمۈر،
نېيتىڭدىن يان بالام.

لېكىن، شوخباش يەنە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ چوغباشنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، ئورماندىكى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىككىنچى ئورمانغا ئۆتۈپتۇ.

شوخباش چاپە-چاپە خىيالغا تۇتقۇن بولۇپ، كاپ-كاپ

كۈچۈك بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلاردەك ئۇماق چوڭ بولغان بۇ ئىككى كۈچۈككە ئورمان ئەھلى ھەۋەس بىلەن قارىشىپتۇ. ئۇلار ئورماندا چېپار كېپىنەكلەرنى بىللە قوغلاپ، قاپتاللاردىن بىللە تاقلاپ، قىيالاردىن تەڭ ئاتلاپ ئويناپتۇ.

كاپ ـ كاپ كۈچۈك بىلەن دىدارلىشىپ مۇرادىغا يەتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان شوخباش:

كاپ ـ كاپ ئاداش،
تېز چاپ ئاداش.
دوست بولۇشقا،
سەن باب ئاداش.

دېسە، كاپ ـ كاپ كۈچۈك پۇش ـ پۇش مۈشۈكتەك ۋاپادار دوستتىن يەنە بىرى بىلەن تونۇشقىنىغا خۇشال بولۇپ:

جۆر بارايلى ئاي تاغقا،
بىزنىڭ ئۆيگە نۇر باغقا.
يېقى دوستۇڭ پۇش ـ پۇشجان،
ساقلاپ قالدى بۇ چاغقا.

دەپ، شوخباشنى باشلاپ ئايتاغقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ــ شوخباش... شوخباش، ــ ئۇچىنچى ئورمان بويىدا ئوتلاۋاتقان ئاق بۆجەن شوخباشنىڭ خىيالىنى بۆلۈپتۇ.

ــ شوخباش نەگە ماڭدىڭ؟...

ــ ئورمانغا...

ــ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ ــ سوراپتۇ ئاق بۆجەن ھەيران بولۇپ.

شوخباش يولىغا ئالدىراپ:

بوز ئېتى دۈپۈر - دۈپۈر،
ئۇچراپ قالسا چىن تۆمۈر.
كاپ - كاپ بىلەن دوست بولۇپ،
شاد ئوينايمەن بىر ئۆمۈر.

دەپتۇ.

ئاق بۆجەن شوخباشنىڭ خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يېنىدا تۇرۇپ قىلىشقا ئۈندەپتۇ:

بۇ يەر گۈزەل ياپيېشىل،
سۈيى مۇنبەت زەپ ئېسىل.
تۇرۇپ قالغىن بۇ جايدا،
دوست بولايلى بىز ئېجىل.

شوخباش قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ.

خاپا بولما ئاق بۆجەن،
دېسەم ساڭا ياق، بۆجەن.
چىن تۆمۈرنى تاپىمەن،
بولسا جېنىم ساق بۆجەن.

شوخباش چاپە - چاپە تۆتىنچى ئورماندىن بەشىنچى ئورمانغا ئۆتۈپ، پىل بوۋايغا دەپتۇ:

سالام ساڭا پىل بوۋا،
نىيىتىم شۇ، بىل بوۋا.

چىن تۆمۈرنى ئىزدەيمەن،
خەۋىرىنى قىل بوۋا.

پىل بوۋاي ئورماندا چىن تۆمۈر باتۇرنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، باش چايقاپتۇ، ئۇمۇ شوخباشنى نىشانسىز يولدىن توسۇپتۇ.

توختىغىن شوخباش،
بولمىغىن بەڭباش.
ئورمان خەتەرلىك،
دوزاخقا ئوخشاش.

شوخباش پىل بوۋاينىڭ سۆزىگىمۇ پەرۋا قىلماي، يەنە چىپىپتۇ. بەشىنچى ئورماندىن ئالتىنچى ئورمانغا ئۆتۈپتۇ. يەردە قۇرت - قوڭغۇزدىن، ئاسماندا ئاي - يۇلتۇزغىچە، شەرقتە قوزا - پاقلاندىن غەربتە بۆرە - ئاسلانغىچە، جەنۇبتا توخۇ - ئۆردەكتىن شىمالدا قاغا - پاختەككىچە ئۇچراتقان جىمى تونۇشلىرىدىن چىن تۆمۈر باتۇرنى سوراپتۇ:

بۇ ئورماندا ئۆيى بار،
تاغدا سۈزۈك سۇيى بار.
تىك قىيادەك بويى بار،
چىن تۆمۈرنى كۆردۈڭمۇ؟

كاپ - كاپ كۈچۈك يار بولغان،
ئەركەك غۇرۇر، ئار بولغان،
ئەركى قولدا بار بولغان،
چىن تۆمۈرنى كۆردۈڭمۇ؟

تەرەپ ـ تەرەپتىن سۈرۈشتە قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان شوخباش لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ ئورمانغا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سەككىزىنچى ئورمانغا ئۆتۈپتۇ. شۇنچە ئۇزۇن ئورماندىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەن شوخباش بۇدەمدە ھېرىپ كۆتەككە يۆلىنىپ ئۇخلاپ، چۈش كۆرۈپتۇ.

— ئانا مەن بەك زېرىكىپ كەتتىم.

— ئەمسە چۆچەك ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ چوغباش.

— ياق... ياق، قوشاق ئېيتىپ بەر... چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قوشىقىنى ئېيتىپ بەر... — شوخباش چوغباشقا ئەركىلەپتۇ. چوغباش قوشاقنى باشلاپتۇ:

چىن تۆمۈر باتۇر،
جاڭگالدا ياتۇر.
مەختۇمسۇلاسى،
بەك ئازاب تاتۇر.

دۈپۈر... دۈپۈر،
ئارغىماق چاپۇر.
ئالغۇر بۈركۈتى،
ئولجىنى تاپۇر.

كاپ ـ كاپ كۈچۈكى،
پۈش ـ پۈش مۈشۈكى.
ھەمراھ ئۇلارغا،
ئالغۇر بۈركۈتى.

يەتتە باشلىق يالماۋۇز،
چىرايى سەت، بەك ياۋۇز.
قىلىچ چاپتى چىن تۆمۈر،
دومىلىدى توك تاۋۇز.

— قوزام دوراڭنى ئىچۋال، — چوغباش شوخباشنى يېنىك نوقۇپتۇ. شوخباش كۆزىنى ئاچسا ئۆزىنى ئىللىق ئۆيىدە، كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ چوغدەك باغرىدا كۆرۈپتۇ، ھەيرانلىقتا چوغباشتىن سوراپتۇ.

— ئانا، مەن ئورماندىن قانداق قىلىپ ئۆيگە كېلىپ قالدىم....

— قوزام، — چوغباش شوخباشقا دەپتۇ، — سەن ئورماندا ماغدۇرسىزلىنىپ كۆتەك تۈۋىدە ھوشۇڭدىن كەتكەن ئىكەنسەن. ھېلىمۇ ياخشى ئورمانغا ئوتۇن تەرگىلى بارغان مايمۇن تاغاڭ سېنى كۆرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. كېچىدىن بېرى ھېچ ئۇخلىماي «كاپ ـ كاپ كۈچۈك، تېز چاپ كۈچۈك... » دەپ جۆيلۈپلا چىقتىڭ... ئەمدى...

— كاپ ـ كاپ كۈچۈك، مەن ئۇنى... — شوخباش ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ، ئەمما بېشىنى كۆتۈرەلمەپتۇ.

— بولدى بالام، ياخشى ئۇخلىۋال، قالغان گەپنى ئەتە دېيىشەيلى، — چوغباش شوخباشنى بەزلەشكە باشلاپتۇ:

شوخبېشىمنىڭ ئاللىسى بار،
يۇملاق تاشتەك كاللىسى بار.
چىن تۆمۈرنى كۆرسەم دەپ،
تۈگمەيدىغان غەلۋىسى بار.

ئەللەي بالام، ئەلەي،
شامال بولۇپ لەيلەي.
سەن ئىزدىگەن چىن تۆمۈر،
بىللە ئۇچۇپ كەلگەي.

(2)

ئەتىسىدىن باشلاپ شوخباشنىڭ چوغباشنى ئورمانغا كىرىشكە قىستىشى چوغباشنى تولىمۇ بىئارام قىلىپ، تەڭلىكتە قالدۇرۇپتۇ. بىللە ئورمانغا كىرەي دېسە ئۆز ۋاقتىدىكى كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۇنى ئەيىبلەپ ئورمانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلدۇرماپتۇ. كىرمەي دېسە شوخباشنىڭ دىلىنى رەنجىتىشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ.

ئەينى ئەھۋالنى شوخباشقا ئېيتىپ ئۇنى كاپ ـ كاپ كۈچۈك بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ مۇرادىغا يەتكۈزۈش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ شوخباش يەنە ئورمانغا كىرىش جېدىلىنى باشلاپتۇ.

ماڭ بارايلى ئورمانغا،
چىن تۆمۈر بار ماكانغا.
كاپ ـ كاپ بىلەن كۆرۈشۈپ،
يېتەي ئانا ئارمانغا.

خېلىدىن بېرى پۇرسەت كۈتكەن چوغباش بوگۈن ھېلىقى سىرنى شوخباشقا ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

ــ قوزام، سەن ئىزدەپ يۈرگەن كاپ ـ كاپ كۈچۈك دەل سېنىڭ ئۆز ئاكاڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئوقباش. مەن

ئۇنى ئانا مېھرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىپ باقالمىغاچقا ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي ھېلىقى كۈنى سەن بىلەن ئورمانغا كىرىشكە قوشۇلمىغان ئىدىم.

بۇندىن ئون يىللار ئىلگىرى مەن ۋە ئاكاڭ ئوقباش ھازىر بىز كۆندە سەكرەپ ئويناۋاتقان تاغ باغرىدا ئويناۋاتاتتۇق. ئوقباشنىڭ ھەممە قىلىقى ساڭا ئوخشايتتىكى، ئوقباشمۇ سەندەك ماڭسا شامالنى يۈگۈرسە نۇرنى ئارقىدا قالدۇراتتى. ئورماندىكى دوستلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىر دېمەيسەن، دۆڭ مەھەللىدىكى تاۋارخاننىڭ كەنجى قىزى ئارسلاندىن تارتىپ ئېگىز كەنتتىكى قوچقارۋاينىڭ چوڭ ئوغلى پاقالانجانغىچە بىزنىڭ ھويلىغا يىغىلىپ ئويناپتتى. كۆندە يۇرتداشلار بۇ كىچىك ئەزىمەتلەرنىڭ ئويۇنىنى تاماشا قىلاتتۇق.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر يىلى ئەتىيازدا ئورماندا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. سەن ئاخشام چۆچەك كىتابىڭدىن ئوقۇغان توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىپ، توشقاننىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلار شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن. ئوقباش بۇ قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ ئەركىن چېلىشىش تۈرىگە قاتناشقان بولۇپ، مۇسابىقە باشلىنىپ جاكارچى سېغىزخان مۇسابىقە كۈنتەرتىپىنى ئۇقتۇردى. ئوقباش ۋە دوستلىرىدىن ئارسلان، ئوغلاق بىر گۇرۇپپىغا، تايچاق باشچىلىقىدىكى موزاي، بوتىلاق يەنە بىر گۇرۇپپىغا ئايرىلغاندى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە باشتا ئوغلاق بىلەن بوتىلاق چېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى، ئال ـ سال دەپ بولغۇچە بوتىلاق ئوغلاقنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رەت يىقىتىۋەتتى.

ئوقباش بىلەن تايچاق سورۇنغا چۈشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ قىيا ـ

چىيا ئالقىش چاۋاكلىرى تاغ باغرىنى بىر ئالدى. ھەممە پىچىر - پىچىر پاراڭلىشاتتى. بەزىلەر تايچاقنىڭ بەستلىك ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، تايچاق يىڭىدۇ، دېسە بەزىلەر ئوقباشمۇ بوش ئەمەس دېيىشەتتى. مەنمۇ ئوغلاقنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ سەل قورققان ئىدىم. كۆڭلۈمگە تايچاق ئوقباشنى بىلىدىن تۇتۇپلا ئېتىۋاتىدىغاندەك بىلىنىپ، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەندى. لېكىن، كەيپىياتىمنى ئوقباشقا قەتئىي چاندۇرمىدۇم. توختىماي ئۇنىڭغا مەدەت بەردىم. ھەممە شۇنداق قىلدى. راست دېگەندەك ئوقباشمۇ بوش كەلمىدى. «ئۇچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگۈچە ئوقباش تايچاقنى بىر رەت سالدى. ئۇلار ئىككىنچى رەت بەل تۇتۇشتى. بۇ قېتىم ئوقباشنىڭ تايچاقنى يىقىتىشى سەل قىيىنغا چۈشتى. كىيىن تايچاقنىڭ ھەيۋىسى سۇندى بولغاي، ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە سىلىنىپ كەتتى. خۇشاللىقىمدا چىلىشىش سورۇنىغا قانداق كىرىپ قالدىمكىن، قارىسام ئوقباش يوق. زىراپە ئاكاڭ بوينىغا مىندۈرۈۋاپتۇ... ھەممە ئوقباشقا گۈل تۇتۇشۇپ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇسابىقە تۈگىدى. يانازدا...

— ئانا، ئوقباش ئاكام نېمىشقا بىز بىلەن تۇرمايدۇ؟... ئۇ ئورماندا نېمە ئىش قىلىدۇ؟... — شوخباش چوغباشتىن تېخىمۇ زىغىرلاپ سوراپتۇ.

— بۇ شۇ يىلى كۈز پەسلىدە بولغان ئىش، — دەپ سۆز باشلاپتۇ چوغباش، — بىر كۈنى ئەتىگەندە مەن ئوقباشقا كىچىك مېۋە سېۋىتىنى تۇتقۇزۇپ ئورمانغا يەر ياڭىقى تېرىشكە ئەۋەتتىم. ئوقباش ياڭاق تەرسە دائىم ئالدىراپ، چالا - بۇلا تەرگەچكە مېڭىش

ئالدىدا ئۇنىڭغا كۆپ تاپىلىدىم:

ئوقباش كۈچۈك، ئالا كۈچۈك،
قولى چاققان بالا كۈچۈك.
ياڭاق تەرسەك تولۇق تەر،
قىلما ئىشنى چالا كۈچۈك.

ئوقباش ئورمانغا كەتتى. كېيىن شۇنچە كۈتسەممۇ ئوقباش ئورماندىن يېنىپ چىقمىدى. ئەنسىرەپ ئورمانغا كىرىپ ئۇزاق ئىزدىدىم. ئوقباشنىڭ دېرىكىنى قىلالماي، ئۇنىڭ كىچىك مېۋە سېۋىتىنى ئېلىپ ئورماندىن قايتىپ چىقتىم. غېرىبچىلىقتا كۆندە يىغلىدىم.

ئورمان چەكسىز بىپايان،
ھەممە تەرەپ تاغ - داۋان.
تەڭرى بولسۇن باشپاناھ،
ئوقباش بالام بول ئامان.

كېيىن كەپتەر ھەدەڭدىن ئۇقتۇمكى: ئاشۇ قىتىملىق دالا سەپىرى ئوقباش ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئۇزۇن سەپەر بولغاچقا، ئۇ قايتىشىدا يولدىن ئېزىپ قېلىپ، ئورماننىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئايتاغ دېگەن يەردە بىر ئۈۋچىنىڭ بۇغا - مارال تۇتقىلى قۇرۇپ قويغان قاپقىنىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۈۋچى دەل سەن ئىزدەپ يۈرگەن چىن تۆمۈر باتۇر شۇ ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئوقباشنى ھېلىقى چىن تۆمۈر باتۇر دېگەن ئۈۋچى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋاپتۇ. ئوقباش چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئۆيىدە كۆندە ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېتىش توغرىسىدا غەلۋە قىلغاچقا، چىن

تۆمۈر باتۇر ئۇنى «كاپ ـ كاپ كۈچۈك» دەپ چاقىرىپتۇ. ئۇلار ھېلىھەم سەن بارغان ئورماندىن ئىككى ئورمان نېرىدىكى ئوننىنچى ئورماندا ياشاپ كېلىۋېتىپتىمىش.

ئاشۇ كۈنى ئوقباشنى ئورمانغا يالغۇز ئەۋەتكەنلىكىمنىڭ خىجىللىقىدا ئۇنىڭ بىلەن تا ھازىرغىچە كۆرۈشۈپ باقمىدىم. ھېلىقى كۈنى سەن ئاغرىپ قېلىپ قوينۇمدا ياتقان چېغىڭدا، ئوقباشنىڭمۇ قۇينۇمدا شۇنداق ئەركىلەپ يېتىشلىرىنى ئويلاپ، ئۇنى سېغىنىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم. بەلكىم ئوقباشمۇ بۇ ئۆينى سېغىنغاندۇ. دوستلىرىنى كۆرگۈسى كەلگەندۇ... شۇتاپ ئوقباش يېنىمىزدا بولغان بولسا يۈرەكلىرىمىز يايراپ بىشىمىز ئاسمانغا تاقاشقان بولاتتى.

خەير، بۇ سېۋەتنى ئال، سەپەرگە ئاتلان. بۇ سېۋەتنى كۆرسەتسەڭ ئوقباش سېنى تونۇيدۇ. ئوقباش بىلەن تىنىچ ـ ئامان كۆرۈشۈپ ئۆيگە يانغايسەن، ــ چوغباش ھېلىقى كىچىك مېۋە سېۋىتىنى شوخباشقا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئوننىنچى ئورماندىكى ئايتاغقا يولغا سېپتۇ.

شوخباش ئوننىنچى ئورمانغا يول ئاپتۇ. ئون كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ ئايتاغقا كەپتۇ، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن كۆرۈشۈپ كاپ ـ كاپ كۈچۈككە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. خېلىدىن بېرى يۇرت مېھرىگە تەشنا بولۇپ، ئانىسىنى سېغىنغان ئوقباشمۇ بۇرۇن ئۆزى ياتاق تەرگەن كىچىك مېۋە سېۋىتىنى كۆرۈپ شوخباش بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپتۇ. چوغباشنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ.

ئويناي دېسەم باغ بولغان،
چىقاي دېسەم تاغ بولغان،

مېھرى ئىسسىق چوغسىمان،
چوغباش ئانا ئامانمۇ؟...

مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان،
تەلىيىمنى ئوڭ قىلغان،
قەلبى ئىللىق نۇرسىمان،
چوغباش ئانا ئامانمۇ؟...

ئەتىسى ئوقباش چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن ۋاقىتلىق خوشلىشىپ شوخباش بىلەن ئانىسى چوغباشنىڭ قېشىغا قاراپ سەپەر قىپتۇ.

ئوقباش ھازىر چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قېشىدىمۇ ياكى ئانىسى چوغباشنىڭ قېشىدىمۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

# باللار چۆچەكلىرىدىن تاللانما

كىچىك دوستلار ئەخمەتجان ئابدۇللانىڭ يۇقىرىدىكى چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ قانغۇچە كۆلگەنسىلەر. ئەمدى سىلەرنىڭ يەنە قىزىقىپ ئوقۇشۇڭلار ئۈچۈن بىر نەچچە باللار چۆچەكلىرىنى سۇندۇق. ياقتۇرۇپ ئوقۇغايسىلەر.

ـ نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

# ماختانچاق قۇشقاچ

قۇشلارنىڭ پادىشاھى بۈركۈت ھەر يىلى ئەتىيازدا ئۆز قۇۋملىرىغا چوڭ بەزمە قىلىپ بېرىدىكەن. چاپارمەنلەر دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن قۇشلارنى بايرامغا چىللىغىلى ئۇچۇپ كېتىشىدىكەن.

پادىشاھنىڭ ئۇۋىسى ئەتراپىغا مېھمان قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ قونۇشۇپتۇ. ئۇلارنى كۈتۈۋېلىۋاتقان خىزمەتكارلار ھەر كىمنى بەلگىلەنگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئالىچىپار قۇشقاچلار بايرام بەزمىسىگە ھەممىدىن كېيىن كېلىشىپتۇ.

باشقىلار قاتارىدا ئۇلارمۇ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن زىياپەت باشلىنىپتۇ. بەزمە ئەۋجىگە چىققان چاغدا قۇشقاچلار چەتتە، ھەتتا داستىخانغىمۇ يېقىنلىشالماي قىستىلىپ ـ قىقىلىپ تۇرغان بىر ھەمراھىنى كۆرۈپ قىلىپتۇ. ئۇ پەيلىرى يۇلۇنغان ھالدا پۈتۈنلەي قىپيالىڭاچ تۇرغانىكەن.

ــ ھەي قۇشقاچلار، ھەممىمىز بىردىن پەي بېرىپ، قېرىندىشىمىزنى كىيىندۈرمىسەك بولمايدۇ، ــ دەپتۇ ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى.

قۇشقاچلار قەبىلە باشلىقىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىشىپتۇ ۋە

ھەرقايسىسى بىچارە ھەمراھىغا بىردىن پەي ھەدىيە قىلىشىپتۇ.

قۇشقاچ يېڭى كىيىمدە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. تېخى ھېچكىم بۇنداق چىرايلىق قۇشنى كۆرمىگەنىكەن.

بۈركۈت ئۇنى كۆرۈپ، يېنىغا ـ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قۇشقاچ ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ:

بۇ يەردە ئەڭ چىرايلىق ۋە قالتىس ئۆزۈمدەك قىلىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، بۈركۈتتەك پادىشاھى ئالەمنىڭ يېنىدا تۇراتتىممۇ؟ دەپ ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن مەغرۇرلىنىپ مەيدىسىنى كېرىپ، غادىيىپ ھەتتا باشقا قۇشقاچلارنى مەنسىتمەي قويۇپتۇ.

ــ ۋاي ئۇنى قاراڭلار! ئۇنىڭ غادايغىنىنى ئۆزىگە كۆرسىتىپ قويىمىز، ــ دېيىشىپتۇ ئاچچىقلانغان ياش قۇشقاچلار.

ــ ياق، سەۋر قىلىڭلار، بەزمە تۈگىسۇن، ئۇنى يېشىندۈرۈپ قويىمىز، ــ دېيىشىپتۇ چوڭراقلىرى.

ياش قۇشقاچلار زىياپەت تۈگىگۈچە ئاران چىدىشىپتۇ. زىياپەت تامام بولۇپ، ھەممە قۇشلار ئۆز ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىشكە باشلىغاندا، قۇشقاچلار غادايغان قۇشقاچنىڭ ئۇچىسىدىن ئۆز پەيلىرىنى يۇلۇپ ئېلىشىپتۇ. ئۇ خۇددى ئاۋۋالقىدەك بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

قۇشقاچلار ئۇنىڭغا:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن غادايمايسەن! ــ دېيىشىپتۇ.

ــ مەنمەنلىك ئەقلىدىن ئازدۇردۇ! ــ دەپتۇ شاھ بۈركۈت.

شۇنداق قىلىپ، ماختانچاق قۇشقاچ چۆلدە ئۆزى يالغۇز قاپتۇ.

# كۈچۈك بىلەن مۈشۈك

كۈچۈكنىڭ قورسىقى ئېچىپ، تاغدا تېنەپ يۈرگەنىكەن، ئالدىدىن بۆرە چىقىپ قاپتۇ.

— ھەي كۈچۈك، سېنى يەيمەن! — دەپتۇ ئۇ.

— قويساڭچۇ، بۆرىۋاي، ئالدى بىلەن قورسىقىمنى تويدۇر، كېيىن نېمە قىلساڭ مەيلى، — دەپتۇ كۈچۈك.

— بولىدۇ، كەينىمدىن ماڭ، — دەپتۇ بۆرە ۋە كۈچۈكنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

ئىككىسى مېڭىپ-مېڭىپ، كالا پادىسىغا دۇچ كېلىشىپتۇ. بۆرە كۈچۈككە قاراپ:

— كۈچۈك، ماڭا قارا! كۆزلىرىم، قۇلاقلىرىم، ئاغزىم، قۇيرۇقۇم قانداق تۇرىدۇ؟ — دەپتۇ.

— پاھ كۆزلىرىڭ ئوتتەك يېنىپتۇ، قۇلاقلىرىڭ دىڭگايغان، ئاغزىڭ غاردەك ئوچۇق، قۇيرۇقۇڭ بولسا پۇتۇڭغا يېپىشىپ نوتىدەك ئېگىلىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ كۈچۈك.

— مانا قاراپ تۇر! — دەپتۇ بۆرە ۋە ئوتلاۋاتقان موزايغا ئېتىلىپتۇ. بىر دەمدە موزاينى بوينىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھەم بۆرىنىڭ، ھەم كۈچۈكنىڭ قورسىقى تويۇپتۇ.

— ئەمدى تويدۇم، سېنى يېمەيمەن، خەير، — دەپ كېتىپ

قاپتۇ بۆرە.

كۈچۈك قالغان گۆشنى ئۈچ كۈن يەپتۇ. ئاخىر زېرىكىپ، ئۆينىڭ ئىگىسى كېلىپ، ئايلىنىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. يولدا بىر ئاچ مۈشۈك ئۇچراپتۇ.

— ھەي، مۈشۈك، — سېنى يەيمەن، — دەپتۇ كۈچۈك.

— قويساڭچۇ، ئالدى بىلەن قورسىقىمنى تويدۇر، ئاندىن مېنى يە! — دەپتۇ مۈشۈك ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— بولىدۇ، ئەمىسە، كەينىمدىن ماڭ! — دەپتۇ كۈچۈك ۋە ئۆزى يول باشلاپتۇ.

ئۇلار تۆگىلەر ئوتلاپ يۈرگەن جايغا كېلىپ قېلىشىپتۇ.

— ماڭا قارا، مۈشۈك! كۆزلىرىم، قۇلاقلىرىم، ئاغزىم ۋە قۇيرۇقۇم قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كۈچۈك.

— نېمىمۇ دەي! كۆزلىرىڭ مەيۈس، قۇلاقلىرىڭ سالپايغان، ئاغزىڭ ئېچىلىپ، تىلىڭ ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. قۇيرۇقۇڭ بولسا سۆرۈلۈپ ئاران كېلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭغا مۈشۈك.

— ئەمدى قاراپ تۇر!

كۈچۈك شۇنداق دەپ، بىر تۆگىگە تاشلىنىپ، پۇتىدىن چىشلىمەكچى بولغانىكەن، تۆگە بېشىغا بىرنى تېپىپتۇ. شۇ ھامان كۈچۈك ئۆلۈپتۇ.

— ۋاي ماختانچاق، سەن تېخى بۆرە بولماقچىمىدىڭ. قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇپ نېمە قىلاتتىڭ! ئەمدى سەن مېنى ئەمەس، مەن سېنى يەيمەن، — دەپتۇ مۈشۈك.

# لوقمان ھەكىم

بىر كۈنى پادىشاھ لوقمان ھەكىمنى چاقىرتىپ:

ــ ئىپتىشلارغا قارىغاندا، سەن بەك دانا، قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەنسەن، شۇنداق بىر نەرسە ياسىغىنكى، ئۇنى ھېچكىم، ھېچقانداق ئادەم ياسىيالمىسۇن، ــ دەپتۇ.

لوقمان ھەكىم بەك كۆپ ئويلاپتۇ. ئىزدىنىپ يۈرۈپ پىلە قۇرتى تۇخۇمىنى تېپىپتۇ. پەرۋىش قىلىپ، پىلە يېتىشتۈرۈپتۇ. پىلە چىقارغان يىپەكتىن ئەتلەس توقۇپ، بىر چاپان تىكىپ، پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ.

پادىشاھ چاپاننى ئېلىپ خۇشاللىقىدا:

ــ سېنىڭ بۇ رەختىڭ راستىنلا ياخشى ئىكەن. بۇنداق چاپان مەندەك شاھ ئۈچۈن مۇناسىپ. ئەمدى سەن بېرىپ بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماي، ماڭا يەنە مۇشۇ پاسوندا چاپان تىكىپ ئېلىپ كېلىۋەر. ئەگەر باشقا بىرى سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى بىلىپ قېلىپ، ئەنە شۇنداق كىيىم ـ كېچەك كىيسە جېنىڭنى ئالىمەن! ــ دەپتۇ.

لوقمان ھەكىمنىڭ پادىشاھ ئۈچۈن تىككەن چاپىنىدىن ئازراق شايى ئېشىپ قالغانىكەن. ئۇنى خوتۇنى قىزىغا كۆڭلەك تىكىپ بېرىپتۇ، بۇنى لوقمان ھەكىمنىڭ بىر دۈشمىنى كۆرۈپ قېلىپ، پادىشاھقا ئېيتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ تەكشۈرۈپ باقسا ھەقىقەتەنمۇ

راست ئىكەن. پادىشاھ لوقمان ھېكىمنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— مەن ساڭا نېمە دەپ ئەمر قىلغانىدىم! سەن مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي، قىزىڭغا كۆڭلۈڭ ئېگىلىپ بېرىپ ھەممىنى بۇ سىردىن خەۋەردار قىلدىڭ. بۇ ئىشىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. ئەمما قىزىڭ بىلەن بىللە زىندانغا تاشلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى شۇنداق چىڭ ئېتىپ تاشلايمەنكى، ئۇ يەردە يېتىپ سېسىپ كېتىسەن، — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم دەپتۇ:

— ئەگەر مېنى زىندانغا تاشلىماقچى بولسىلا، ئىككى تۆمۈر كارىۋات تەييارلاشنى بۇيرۇسىلا. كارىۋاتلارنى زىندان ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ يېنىغا بىر تاغاردىن بادام قويۇشسۇن.

پادىشاھ: «مەيلى، ئىككى كارىۋات بولسا سەدىقىسى كەتسۇن»، دەپ لوقمان ھېكىمنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قىزى بىلەن بىللە زىندانغا تاشلاپ، زىندانىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ تاشلاپتۇ.

بۇ ۋەقە ئەپلاتونغا ئاڭلىنىپ قاپتۇ. ئۇ لوقمان ھېكىمنىڭ شاگىرتى ئىكەن. ئۇ قورققىنىدىن ئۆزىگە ئۆزى: «پادىشاھ مېنىمۇ لوقمان ھېكىمنىڭ شاگىرتى دەپ زىندانغا تاشلىمىسۇن» دەپ، بىر تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ ۋە ئەتراپىنى تىلسىملاپ تاشلاپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇ پادىشاھ ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى پادىشاھ بوپتۇ. يېڭى پادىشاھ بىر كۈنى گۆش يەپ ئولتۇرغاندا، بىر سۆڭەك پارچىسى گېلىدە تۇرۇپ قاپتۇ. تۇرغۇنلىغان تېۋىپ-دوختۇرلارنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئامال قىلالماي ھەممىسى:

— پادىشاھنىڭ بۇ دەردىگە ئەپلاتون شىپا تاپالايدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەپلاتون نەدە تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى لوقمان ھەكىم ۋەقەسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— ئەپلاتون لوقمان ھەكىمنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن قورقۇپ كېتىپ، نەگىدۇر قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇنۇۋالغان.

— ئەپلاتوننى نەدىن بولسىمۇ تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ پادىشاھ.

ئەپلاتون كېلىپ پادىشاھنىڭ كېلىنى كۆرۈپ ئۆز ئىچىدە: «بۇ باھانە بىلەن ئۇستازىم ياتقان زىنداننى ئاچقۇزىمەن، ھاياتمىكىن» دەپ پادىشاھقا:

— سىلىنىڭ دەردلىرىگە پەقەت مېنىڭ ئۇستازىم لوقمان ھەكىم شىپا تاپالايدۇ، خالاس، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ لوقمان ھەكىم ياتقان زىنداننى ئېچىشنى بۇيرۇپتۇ. ئېچىپ قارىسا قىزى ھالاك بولغان، لوقمان ھەكىم ئۆزى ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىكەن. ئەپلاتون ئۇنى بىر نەچچە كۈن ئۆيدە داۋالاپتۇ ۋە ئۇنى ساقايتىپتۇ.

كېيىن پادىشاھ ئادەملىرى كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشىپتۇ. لوقمان ھەكىم پادىشاھنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— پەرزەنتلىرى بارمۇ؟

— بىر ئوغلۇم بار، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئوغۇللىرىنى بوغۇزلاپ، قېنىنى ئىچسىلە ياخشى بولۇپ كېتىدىلا. بولمىسا ھېچ ئامالىم يوق.

پادىشاھ ئويلىنىپ قاپتۇ: بىردىنبىر ئوغلۇم تۇرسا، ئۇنى ئۆلتۈرەمدىمەن؟ قېنى، ئۆزۈم ئۆلسەم ئۆلەي، ئوغلۇم تىرىك قالسۇن.

ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىششقا باشلاپتۇ. كېيىن دەپتۇ:

— مەيلى، ئوغلۇمنى ئېلىپ كېلىپ بوغۇزلاڭلار!

كېيىن ئوغلىنى ئېلىپ كېلىپ لوقمان ھەكىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدا پۇت - قولىنى باغلىشىپتۇ، ئارىغا پەردە تارتىپ، پەردە كەينىگە ئۆتكۈزۈپتۇ.

— ئەمدى قوينى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ لوقمان ھەكىم ۋەزىرلەرنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنا. بىر قوينىڭ پۇتىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىپ بوغۇزلىغانىكەن، قوي«پەخ» دەپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ.

شۇ ھامان پادىشاھ:

— ۋاي ئوغلۇم! — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، گېلىدە تۇرۇپ قالغان سۆڭەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

— پەردىنى ئېچىڭلار، مەن ئوغلۇمنىڭ جەسىتىنى كۆرەي! — دەپتۇ پادىشاھ.

پەردىنى ئېچىپ قارىسا، ئوغلى ساپساق، قوي بوغۇزلانغانىكەن. لوقمان ھەكىم ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ لوقمان ھەكىمغا بارىكاللا ئېيتىپ:

— شۇنداق دانىشمەن ئادەمنى زىندانغا تاشلىغان ئادەمگە لەنەتلەر بولسۇن، — دەپتۇ.

[illegible]

[illegible]

قىلىشى، ... قىلىش ... ئۆتەتتىكەن. ئۇنىڭ بۇ خىل قىلىقلىرى ... ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، يۇرتنىڭ شەنىگە داغ يەتكۈزگەن بولغاچقا، ھەممە ئۇنىڭدىن قاقشايدىكەن.

بىر باھار ... بۇ قۇش ... [illegible]

توختا، توختا تۆگىقۇش،
يوققۇ سەندە هودۇقۇش،
ساڭا قارشى تۇرۇشقا،
تەييارلاندى ھەممە قۇش.

دېدى سېنى بەزىلەر،
«تۆگىدۇر ئۇ، قۇش ئەمەس.
ئۇنداق لاڭقا پاچاقتىن،
ئەلنىڭ كۆڭلى خۇش ئەمەس.

ئۇ ھايۋانلار بىزلەرگە،
قويۇپ قويغان پايلاقچى.
ئۇلار بىر كۈن بۇ يۇرتنى،
ئۆز قولىغا ئالماقچى.

دوستلار ئۇنى قۇش دېسەك،
ئۇچمايدۇ ئۇ نېمىشقا؟
دەرھال ئۇنى جايلايلى،
سەل قارىماي بۇ ئىشقا.»

ۋاي، ۋاي ئىست، ۋاي ئىست،
قالدى كۈنۈڭ خەتەردە.
چوقۇم ھالاك بولىسەن،
دوستۇم ئەتە سەھەردە.

دەپ، تۆگىقۇشنى يۇرتداشلار بىلەن قارشىلىشىشقا دەۋەت

قىلىپ، يـۇرت ـ ماكانىنىـڭ تىنىـچ ـ ئامـانلىقىنى، ئەل ـ ئاۋامىنـىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ تاماشا قىلىشنى نىيەت قىلىپتۇ.

بۇ پىتنىخور، يالغانچى قۇشنىڭ يامان نىيىتىنى بىلمىگەن ساددا تۆگىقۇش ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئاچچىقتىن تىترەپ كېتىپتۇ.

رەھمەت ساڭا جان ئاداش،
هوشيار تۇراي داۋاملىق.
دەيدۇ چوقۇم بۇ گەپنى،
تۇرنا دېگەن هاراملىق.

كەلسۇن قېنى ھەممىسى،
بىرسى قالماس ساق ـ ئامان.
بىلىپ قويسۇن مەن شۇنداق،
تۆگە دېگەن يەل تاپان.
...

تۆگىقۇشنىڭ غەزەپ ـ نەپرەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھېلىقـى قۇش بىر تەرەپتىن رەزىـل نىيىتىنـىڭ ئەمەلـگە ئېشىش ئالدىـدا تۇرغانلىقىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىلمىشىنىڭ دوستلار ئالدىدا پاش بولۇپ يامان كۈنگە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالـدىراپ كونا كەپىسىگە تىكىۋېتىپتۇ.

دېگەندەك ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەللىدىكى ھەممە قۇشلار بىر ـ بىرىگە دوستى تۆگىقۇشنىڭ تۇنۇگـۇن ئەتىگەنـدىن بىـرى دالاغـا چىقمىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، ئۇنـى ئاغرىـپ قالغـان ئوخـشايدۇ دەپ ئويلاپ يوقلاپ كېلىش مەقـسىتىدە تۆگىقۇشـنىڭ ئـۆيىگە قـاراپ ميڭىپتۇ...

ھېلىقى چېقىمقى قۇشنىڭ خەۋىرى بويىچە ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرغان تۆگىقۇش، ئاسمان ـ پەلەك توپا ـ چاڭ ئۆرلىتىپ ئۆزى تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان يۇرتداشلىرىنى ماڭا ھۇجۇم قىلغىلى كەلدى دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى چوڭ بالا ـ قازادىن ساقىت قىلغان ھېلىقى قۇشنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىكىدىن يەنە بىر قېتىم مەمنۇن بولۇپتۇ.

يۇرتداشلار تۆگىقۇشنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ توۋلاپتۇ.

نېمە بولدۇڭ جان ئاداش،
ئالدىمىزغا چىققىن تېز.
دوستلار ئەجەب ئەنسىرەپ،
يوقلاپ كەلدۇق سېنى بىز.

ئىككى كۈن بولدى چىقمىدىڭ،
سەن ئۆيۈڭنىڭ تېشىغا.
كېسەل بولساڭ بارايلى،
بۈركۈت دوختۇر قېشىغا.

...

كۆڭلىدە شۇنچە يىقىن بىلىپ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ، شۇنچە يىللاردىن بېرى راھەت ـ پاراغەت، جاپا ـ مۇشەققەتلەردە بىرگە بولغان ۋاپادار دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ئۆچمەنلىك قىلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان تۆگىقۇش، ئۇلار ماڭا يالغاندىن كۆيۈنگەن بولۇپ، مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ، دەپ ئويلاپ، غەزەپتىن يۇرتداشلارنىڭ سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي ھايت دەپلا يۇرتداشلار ئارىسىغا سەكرەپ چۈشۈپ سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان خورازنىڭ بېشىغا

بىر قىلىچ ئۇرۇپتۇ. شۇ ھامان خورازنىڭ بېشىدىن قىپقىزىل قانلار بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئالاقزادە بولغان يۇرتداشلار تۆگىقۇشنى تۇسۇشقا ئارانلا ئۈلگۈرۈپتۇ.

كېيىن يۇرتداشلار ئالدىرىماي ئولتۇرۇشۇپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، ھەممە ئىشنىڭ ئاشۇ بالاخور چېقىمچى قۇشنىڭ سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلىشىپتۇ. تۆگىقۇشمۇ كۆپ ئويلانمايلا ئەسكىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ دوستلارغا مالاللىق يەتكۈزگەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ، خوراز باشچىلىقىدىكى بارلىق يۇرتداشلاردىن كەچۈرۈم سوراپتۇ.

شۇ يوسۇندا كۈن ئۆتۈپ ھېلىقى قۇشنىڭ يۇرتتىكى ئەسكىلىكلىرى بىر نەچچە رەت تەكرارلىنىپ، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىپتۇ. يۇرتداشلار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا نەسىھەتكە قۇلاق سالماپتۇ. «كۆنگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەندەك ئۇنىڭ ئەسكى مىجەزى پەقەت تۈزەلمەپتۇ. مەھەللىدە ئۇ سەۋەبلىك ياكى ئۇ ئارىلاشقان جېدەل - ماجىرا، ئۇرۇش - غوۋغا كۈنسېرى ئاۋۇپ ئەلنى گىنە - ئاداۋەت، نەپرەت - قاباھەت بېسىپتۇ. كېيىنچە يۇرت خەلقى ئۆزلىرىنى بۇنچە ساراسىمىگە سېلىپ بىئارام قىلغان بۇ قۇشتىن زېرىكىپ، «ھۆ» بولۇپ، ئۇنى ھۆ قۇش دەپ چاقىرىشىپتۇ.

بىر كۈنى ھۆ قۇشنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزىپى چېكىگە يېتىپ سەۋر قاچىسى تېشىپ كەتكەن يۇرت خەلقى ئۇنى غەزەپ بىلەن يىراق جاڭگالغا قوغلاپتۇ.

سەندىن ئەجەب ھۆ بولدۇق،
قىلىقىڭ سەت، خۇيۇڭ سەت.
بىزگە لازىم ئىناقلىق،
ماڭ جاڭگالغا كۆچۈپ كەت.

كۆزىمىزگە كۆرۈنمە،
بىزدىن دائىم يىراق تۇر.
يېقىنلاشساڭ بىزلەرگە،
قىلىمىز ئەمدى ئۇر، ئۇر، ئۇر...

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ھۆ قۇش چۆپلۈكتىن ئاران جېنىنى ئېلىپ، يۇرتداشلاردىن يىراق بولغان جاڭگالغا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا ئەلنى قاقشاتقان ھۆ قۇش كېيىنچە خەلق تىلىدا ھۇۋقۇش دەپ ئاتىلىپ كەپتۇ. ھۇۋقۇش شۇ چاغدا يۇرتداشلارنىڭ قوغلىغىنى بويىچە جاڭگالدا ماكانلىشىپ قالغانچە ھازىرغىچە شۇ يەردە ياشاپ كەپتۇ. ئەينى چاغدا بەك قورقۇپ كەتكەن ھۇۋقۇش يۇرتقا قايتىپ بېرىش تۇگۇل ئۆزىنى دوستلارنىڭ ئۇر ـ ئۇر قىلىشىدىن قورقۇپ تا ھازىرغىچە كۈندۈزىمۇ دالاغا چىقىشقا پېتىنالماپتۇ.

كىچىك دوستلار، كونىلارنىڭ دېيىشىچە، ھۇۋقۇشنىڭ كېچىدە ھەرىكەت قىلىشى، دەل شۇ ئىشتىن قالغانىكەن. خورازنىڭ تاجىسىنىڭ قىزىل بولۇشىمۇ شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا يارىلانغاندا يۇرتداشلار قانىنى توختىتىش ئۈچۈن كۆپ ئۈۋۈلىۋەتكەن بولغاچقا قان ئۇيۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەنمىش.

# ئالما ھەققىدە رىۋايەت

تۆت ئەتراپى تاغلىق، ئوتتۇرىسى باغلىق بىر يۇرتتا باغۋەنچىلىك ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بىر باغۋەن بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ تەۋسىپ- تەرىپى يەتتە ئىقلىمغا مەشھۇر بىر مېۋىلىك بېغى بولۇپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە يەتتە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئەجىر- مېھنىتى سىڭگەن بۇ باغدىن جاھاندىكى ھەر قانداق مېۋە تېپىلىدىكەن. ھەر يىلى بۇ گۈلگۈن باغدا نازۇ- نېمەتلىك، ئالىي ھىممەتلىك ئالتۇن كۆز پەسلىدە ھەممە بۇ باغدا سەيلە- ساياھەت قىلىپ، «يەل- يېمىش مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ ھوسۇل تەنتەنىسى قىلىشىدىكەن. باغۋەن بوۋاينىڭ ئەجىر- مېھنىتىدىن سۆيۈنۈپ مەرد- سېخىيلىقىغا چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇشىدىكەن.

بىر ئەتىياز ئەتىگىنى باغۋەن بوۋاي كۈندىلىك ئادىتى بويىچە باغ ئىچىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ باغنىڭ قىبلە تام بۇرجىكىدىكى كۈنگەي نەم تۇپراقتىن يېڭىدىن بىر يۇمران كۆچەت مايسىنىڭ بىخ يېرىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، بېغىغا يېڭى قوشۇلغان بۇ نېمەتتىن چەكسىز خۇشال بولۇپتۇ. باغۋەن بوۋاي ئەتىسىدىن باشلاپ بۇ كۆچەتكە ئالاھىدە نەزەردە قاراپ، ئۇنىڭغا خۇددى نەۋرىسىگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلىپتۇ. دىگەندەك بۇ كۆچەتمۇ

ئاق كۆكۆل باغۋەننىڭ ئەجرىگە يارىشا تىمەن، بولۇق ئۆسۈپ، ئاقنى كۆك، بىشىمدىكى بۆك دىگۈچە بۆك ـ باراقسان چوڭ كۆچەتكە ئايلىنىپتۇ.

بىر كۈنى ناشتا ۋاقتىدا باغۋەن بوۋاي بۇ كۆچەت تۈۋىگە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ جەسۇر، سوقتا قىياپىتىدىن مەمنۇنلۇق ئىچىدە ھۇزۇرلىنىۋاتسا تۇيۇقسىز غايىبتىن بىر سادا كەپتۇ:

ـــ ئى بوۋا، شۇنىڭدىن خەۋەردار بولغىن. بۇ كۆچەت شۇنداق خاسىيەتلىك ئىكەنكى، ئۇنىڭ مىۋىسى جىنى تىنىدىن ئايرىلمىغان ئىنسۇجىن تىنىدىكى مىڭ خىل كىسەلگە شىپادۇر. ئاددىيسى ئۇشبۇ كۆچەت مىۋىسىنىڭ پوستى يۈرەككە، سۈيى كۆيەككە داۋا بولۇپ، بۇ مىۋە ئۇزۇقلۇق قىممىتى جەھەتتە رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەمگىياھ مىۋىسىدىن ئۈچ ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىرنى يىگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە، بىر قېتىم پۇرىغان كىشى ئاسانلىقچە قېرىمايدۇ. سىنىڭ ئاق كۆكۈللۈكۈڭ ۋە ھالال ئەجىر ـ مېھنىتىڭ بەدىلىگە، شۇنداقلا باغۋەنچىلىك كەسپىگە بولغان چىن ئىخلاسىڭنىڭ ھۆرمىتىگە بۇ كۆچەتنى ساڭا ۋە سەن باشلىق جىمى دوستلارغا ھەدىيە قىلدىم...

باغۋەن بوۋاي تۇغۇلۇپ مۇشۇ ياشقىچە كۆرمىگەن بۇ مۆجىزىدىن تىلى تۇتۇلۇپ قاتتىق ھودۇقۇپ كېتىپتۇ.

ـــ ئەتە ناماز بامداتتىن يىنىپ بۇ كۆچەت تۈۋىگە كەلسەڭ كۆچەتنىڭ ئۈچ ئۇق نوتىسىدا ئۈچ تال مىۋە مەي باغلاپ پىشىدۇ. ئىسىڭدە چىڭ ساقلا، بۇ كۆچەتنىڭ مىۋىسىنى كىسەلسىز يىيىش مەنئى قىلىنىدۇ. پەقەت ئىنسان ئىغىر كىسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، بىشىغا قاتتىق كۈن چۈشكەندە بۇ مىۋىنى ئۈزۈپ جاراھەت ئىگىزىغا

سۇرتسە ياكى سۈيىنى سىقىپ ئىچسە كېسەل دەرھال سەللىمازا ساقىيىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ياخشى كۆنۈك يامان بولۇپ رەڭگىرويىڭ سامان بولغاندا ساڭا ئەسقاتىدۇ. بۇ كۆچەتنىڭ ئۇرۇقى مېھىر ـ ۋاپا شەربىتىدە بىر يۈز بىر يىل بىخلاندۇرۇلغان. سەن باشقىلارغا قانچىلىك ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ ياخشىلىق قىلساڭ، بۇ كۆچەت شۇنچە كۆكلەپ مېۋىسى بولۇقلىشىدۇ. خاسىيىتى ئاشىدۇ. ئەكسىچە سەن ئەل ـ يۇرت غېمىدىن يىراقلىشىپ، روھىڭنى شەخسىيەتچىلىك سۈيىدە سۇغۇرساڭ بۇ كۆچەت نابۇتلۇققا يۈز تۇتىدۇ. بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە تىنما. ياخشى كۈننىڭ يامانى، ھاجەتمەننىڭ زامانى بولغاندا مېۋىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۈزۈپ ھاجىتىڭنى راۋا قىلغايسەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، مېۋە ئۆزگە قوللاردا خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ. باشقىلارنى ئۈزۈشتىن چەكلىگەيسەن. دائىم كۆچەت ياپرىقىغا ھەمراھمەن، خالىساڭ بۇ كۆچەت ياپرىقىدىن بىرنى ئېلىپ پۈۋلە، يېنىڭدا ھازىرمەن...

سادا ئاستا ـ ئاستا باغ ئىچىگە سىڭىپ كىتىپتۇ. باغۋەن بوۋاي ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ كەپىسىگە قايتىپتۇ...

ئەتىسى ئەتىگەندە راست دېگەندەك كۆچەتنىڭ ئۈچ پۇتاق ئوق شېخىدا، مۇشتتەك چوڭلۇقتا ئۈچ تال مېۋە ئوتقاشتەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرۇپتۇ... باغۋەن بوۋاي كۈندە باغ پەرۋىشىنى قىلغاچ بۇ ئۈچ تال گۆھەرنى يامان كۆزلەردىن قوغداپتۇ. يۇرتداشلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ئۈزۈپ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ چوڭ ياغاچ تاختايغا «ئالما» دەپ يېزىپ كۆچەت غولىغا ئېسىپمۇ قويۇپتۇ. كۈن ئۆتۈپ باغدا نەچچە رەت مەشرەپ قايناپتۇ، باغۋەن بوۋايمۇ مەرد ـ سېخىي ئەلخۇمار بولغاچقا كۆچەت ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك شاخلاپتۇ. بىخ

تومۇرىدا يۇلتۇزدەك يېڭى مېۋىلەر چاقناپتۇ.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە باغۋەن بوۋاينىڭ كىچىككىدىن ئۆزى بىلەن مۇشۇ باغنى ئارىلاپ چوڭ بولغان كەنجى نەۋرىسى بوۋىسى شۇنچە ئاسراپ قوغداۋاتقان بو خاسىيەتلىك كۆچەتكە قىزىقىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈپ يېيىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم قولىنى شاختىكى مېۋىلەرگە سۇنغاندا باغۋەن بوۋاي تەرىپىدىن توسۇلۇپتۇ.

ــ ھاي بالام، شاختىكى مېۋىنى ئالما...

ــ جېنىم بوۋا، بىرتال ئېلىپ...

ــ ياق بالام، ئالما...

ــ ...

ــ ئالما دېگەندىكىن ئالما...

ــ ...

بوۋاي ھەر قېتىم ئوماق نەۋرىسىنىڭ غەلۋە تەڭلىككە چىدىماي شاختىكى مېۋىدىن بىرنى ئۈزۈپ بېرىشنى ئويلىسىمۇ، كۆچەتنىڭ خاسىيىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئامالسىز تۇرۇپ قاپتۇ. «كىچىك بالىنىڭ نەپسى ئوت» دېگەندەك باغۋەن بوۋاي كۆچەتتىكى مېۋىنى قانچە قوغداپ قورۇغانسىرى نەۋرىسىنىڭ مېۋە يېيىش جېدىلى شۇنچە ئەۋج ئاپتۇ.

ــ ھۆ... ھۆ... ھۆ...، بوۋام «ئالما» دېگەن مېۋىنى يەيمەن...

ــ ھۆ... ھۆ... ھۆ، ئالمانى يەيمەن...

باغدىن ھويلىغا ياڭرىغان بۇ يىغا نەغمىسى ھەممىنىڭ ئاغزىدا داستان بولۇپ بارا - بارا كوچىغا تاراپتۇ. مەھەللىدىكى ھەممە بالا

بۇ كۆچەتكە قىزىقىپ باغدىكى«ئالما» نى كۆرۈش ئۈچۈن باغ چېتىدىن ماراپتۇ.

ــ باغۋەن بوۋامنىڭ ئالمىسى شۇكەن...

ــ ئاشۇ كۆچەت ئالمىكەن...

شۇنداق قىلىپ، باغدىكى بۇ كۆچەتنىڭ مېۋىسى باغۋەن بوۋاينىڭ نەۋرىسى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ تىلى بىلەن «ئالما»دەپ ئاتىلىپتۇ.

ــ ئالما يەيمەن... ئالما يەيمەن...

نەۋرىسىنىڭ بېسىقماس ئالما غەلۋىسىدىن زېرىككەن باغۋەن بوۋاي، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھېلىقى كۆچەتنىڭ ياپرىقىدىن بىرنى ئۈزۈپ پۈۋلىگەنىكەن، كۆز ئالدىدا شۇزامات چېچى قىرىق ئۆرۈلگەن، بېشىغا نەپىس گىلەم دوپپا، ئۈچىسىغا ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بىر قىزچاق پەيدا بولۇپ باغۋەن بوۋايغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ دەپتۇ:

سالام بوۋا، قىلىمەن،
قاي ھاجەتنى راۋا مەن.
باردۇر بەلكىم ئېسىڭدە،
مىڭ كېسەلگە داۋا مەن.

باغۋەن بوۋاي ھېلىقى قىزدىن سوراپتۇ:

بېسىلمىدى نەۋرەمنىڭ،
مېۋە يېيىش غەلۋىسى.
بىرنى ئۈزسەم مېۋىدىن،
يوقاپ كەتمەس ھەممىسى...

قىزچاق بوۋاينىڭ قاتتىق تەڭلىك ئىچىدە ئېيتقان سۆزىنىڭ تېگىگە ئاللىقاچان يېتىپ بولغاچقا، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ دەپتۇ:

نەۋرەڭىزنىكى جان بوۋا،
ئاچ كۆزلۈكنىڭ كېسلى،
مانا مېنىڭ مېۋەمدۇر،
داۋالارنىڭ ئېسلى.

ماڭ نەۋرەڭگە مېۋەمدىن،
ئۆزۈڭ بىرتال ئۈزۈپ بەر.
سەن بەرمىسەڭ ئۇ چوقۇم،
ئوغرىلىقچە ئۈزۈپ يەر...

ئۇ ۋاقىتتا ئۆز نەۋرەڭ،
بولۇپ قالار گۇناھكار.
بېسىپ بىزنى ئۇۋاللىق،
بولالمايمەن ساڭا يار.
...

قىزچاق شۇنداق دېگىنىچە ئاستا-ئاستا كۆپكۆك ياپراققا ئايلىنىپ، كۆككە لەيلەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

باغۋەن بوۋاي خۇشاللىقتىن خىزىر قىزچاق بىلەن ئۇزاققىچە قول پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىپتۇ، كەنجى نەۋرىسىگە ھېلىقى خاسىيەتلىك مېۋىدىن بىرنى ئۈزۈپ يېگۈزۈپ قويۇپتۇ. دېگەندەك بۇ نەۋرىنىڭ مېۋە يېيىش جېدىلى بېسىقىپ، ئاچ كۆزلۈك كېسلى تولۇق ساقىيىپ كېتىپتۇ.

ئىگىلاشسالارغا قارىغانسدا چىسن تۆمسۈر بساتۇر، سىگىلىسى مەختۇمسۇلانىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ كسۆزى تۇتۇلسۇپ قالغانسدا، مەختۇمسۇلا مۇشۇ باغۋەن بوۋايدىن ياردەم سوراپ، ئاكسسى چىسن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۈرگەن خاسىيەتلىك ئالما مۇشۇ ئىمىش.

چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ئاق كۆڭۈل باغۋەن بسوۋاي ۋاپسات بولۇپ كېتىپ باغ پەرۋىشسىز قالغانمۇ، ياكى كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت سۇسلىشىپ خاسىيەتلىك دەرەخ رەنجىگەنمسۇ؟... ئارىدىن ئەسىر ئۆتۈپ بىر كۈنى كەچ تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىسپ بۇ باغ قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەنمىش. ھېلىقى خاسىيەتلىك«ئالما» دېگەن كۆچەتمۇ خاسىيىتىنى يوقىتىپ ھازىر بىز يەۋەتقان ئادەتتىكىلا بىر مېۋىگە ئايلىنىپ قالغانمىش.

# تايچاقنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

بۈگۈن تايچاقنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن باشقا كۈنلەردىكىدىن خېلىلا بۇرۇن تۇردى. بۇ چاغدا ئانىسى ئاق بايتال ئاللىبۇرۇن ئېتىزغا ئەمگەككە كېتىپ بولغانىدى. تايچاق ئالدى بىلەن چىشىنى چوتكىلاپ، يۈزىنى يۇيۇپ ناشتا قىلدى. ئاندىن ئانىسى ئۆتكەن يىلى باللار بايرىمىدا ئېلىپ بەرگەن كالتا يەڭلىك زىغىر رەڭ كانۋا كۆڭلىكىنى كىيىپ چىرايلىق ياساندى. ئۇ ئەينەككە تەكرار - تەكرار قارايتتى. ئۇنىڭ ياغاق سوزۇنچاق، ئامۇت يۈز چىرايىغا ماسلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئۇزۇن، قارا چېچى ئۇنىڭغا خويمۇ ياراشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىز، كېلىشكەن بەستىگە تېخىمۇ سالاپەت بېغىشلايتتى.

تايچاق ئاستا ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ يىراققا نەزەر سالدى. ئۇنىڭغا ھەممە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك، يىراق سەينادا خۇش پۇراق چېچىۋاتقان رەڭگارەڭ گۈللەردىن تارتىپ، ئېگىز كۆك ئاسماندا لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ماموق بۇلۇتلارغىچە ھەممە ئۆزىگە بەخت تىلەپ ئۆزىنىڭ شادلىقىغا جور بولۇۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. دېمىسىمۇ ھەپتىدىن بېرى مۇز چىرايىدىن توپا - تۇمان يېغىپ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغان ھاۋامۇ بۈگۈن باشقىچىلا ئېچىلىپ، كىشىگە ئالەمچە ھوزۇر

بەخش ئەتمەكتە ئىدى....

تايچاقنىڭ شادلىقى ئاستا ـ ئاستا جىمىپ قالدى. چۈنكى، يىراقتىن دىماققا ئۇرۇلۇۋاتقان مەيىن شامال ئۇنىڭغا بۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋالقى بىر كۆڭۈلسىزلىكنى ئەسلىتىۋاتاتتى.

ئۇ كۈنى تايچاقنىڭ يەتتە ياشقا توشقان تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. بايتال ئانا ئاشخانا ئۆيىدە چۈشلۈك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز سىرتتىن ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ كىرگەن تايچاق ئانىسىغا ئېسىلىپ:

تۇغۇلغان كۈنۈم،
بولغۇدەك ئەتە.
قەلبىم شادلىققا،
تولغۇدەك ئەتە.

يۈرەك سۆزۈمنى،
ئېيتسام مەن ساڭا.
يوغان ئاپتومات،
ئېلىپ بەر ماڭا.

بۆجەنگە قونچاق،
ئېلىپ بەرگۈدەك،
موزايغا ئوردا،
سېلىپ بەرگۈدەك.

بۇ تۇرقۇم بىلەن،
دوستلار نېمە دەر.

ماڭىمۇ يېقى،
كىيىم ئېلىپ بەر.
...

دەپ، ئانىسىغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپتۇ.

بۇ كۈنلەر دەل تايچاقنىڭ ئاتىسىنىڭ جىگەر راكى بىلەن شىپاخانىدا داۋالىنىۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، ئۆيدىكى بار- يوقنىڭ ھەممىسى دورىغا سەرپ قىلىنغانىدى. بۇ ئەھۋالدا بايتال ئانىدا تايچاقنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىغۇدەك ئارتۇقچە پۇل نېمىش قىلسۇن. مېھرىبان ئانا بىچارە ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىماي ئۇنى يالغاندىن بەزلەپتۇ.

ماقۇل بالام ھېلى مەن،
ئېلىپ بېرەي ئاپتومات.
ئېلىپ بېرەي يەنە مەن،
ئۇچىدىغان ياغاچ ئات.

غەلۋە قىلماي ھازىرچە،
ماشىناڭنى ئويناپ تۇر.
قانداق كىيىم ئالىمىز،
راست، بۇنىمۇ ئويلاپ تۇر.

تايچاق ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي يەنىمۇ تېپچەكلەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. سۇپىدا يۇملىنىپ ئۆيئىچىدىكى نەرسىلەرنى چۇۋۇپ ھويلىنى بېشىغا كىيىپتۇ. بايتال ئانا قانچە بەزلىسىمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت كار قىلماپتۇ. بايتال ئانا ئوغلى تايچاققا تاتلىق

ۋەدىلەرنى بېرىپ يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ، ئاچچىقلاپ، قورقۇتۇپ دوْشكەلەپ بېقىپتۇ. تايچاقنىڭ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى جېدىلى ئەسلا بېسىقماپتۇ. ئۇرۇپ ئازراق ئەدەپلەپ قوياي دېسە يۈرەك چىدىمىغان، يا تەنتەك تايچاق ئۆزىنى بىلىپ گەپ ئاڭلىمىغان. بىچارە بايتال ئانا تەڭلىكتە ئۇزاق كۆز يېشى قىلىپتۇ، ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ بازارغا چىقىپ ئوغلىنىڭ جېدىلىنى بېسىقتۇرۇپتۇ. تايچاق شادلىقتىن يايراپ كىتىپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپتۇ. ئەسلىدە بىچارە بايتال ئانا ھېلىقى كۈنى كىچىك ئوغلىغا ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى پەش قىلىپ، دەرد سۆزلەپ ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە ئازار بېرىشنى خالىماي، قوشنىسى ئېنەك ھاممىدىن مىڭ تەڭلىكتە پۇل ئۆتنە ئېلىپ، ئوغلىغا تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى ئېلىپ بەرگەنىكەن.

تايچاق كېيىنكى كۈنلەردە ئەينى ئەھۋالنى ئۇقۇپ دوستلىرىدىن بەس تالىشىپ مەنمەنچىلىك قىلىپ ئانىسىنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلغانلىقىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپتۇ ۋە ئانىسىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. شۇندىن بېرى ئۇ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى ھەققىدە غەلۋە قىلمايدىغان بولۇپتۇ.

شۇڭا، بۈگۈنمۇ ئۇ ئانىسىنى ئارتۇقچە چىقىمغا سالماي ئىلگىرى بار بولغان كىيىملىرىنى پاكىز يۇيۇپ، رەتلىك كىيىۋالغاندى. شۇتاپ ئۇ جاپاكەش ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ:

سېلىپ بۇرۇن كۆپ جاپا،
قىلدىم سېنى مەن خاپا.
يەتتىم بۈگۈن قەدرىڭگە،
كەچۈر مېنى جان ئاپا.

ئېلىپ بەرمە ئاپتومات.
ئېلىپ يە سەن قەنت ـ ناۋات.
قاقشاتمايمەن مەن سېنى،
ئەمدى ئاپا پەندىيات.

دەپ ئانىسىغا ئەركىلەشنى ئويلاۋاتاتتى.
ـــ تاك... تاك... تاك
تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ تايچاقنىڭ خىيالى بۆلۈندى.
ـــ تايچاق ئىشىكنى ئاچ...
ـــ تايچاق بوله گاچ...

تۇنۇگۇن ئوتلاقتىن يانغۇچە دوستلىرىنىڭ ئەته تۇغۇلغان كۇنۇڭنى تەبرىكلەشكە ئۆيۇڭگە بارىمىز، دېگەن سۆزى تايچاقنىڭ ئېسىگە ئەمدى كەلگەنىدى. تايچاق ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى. قوزا ـ ئوغلاق، موزاي، بوتىلاق ھەممىسى قوللىرىدا سوۋغاتلىق بويۇملارنى تۇتۇشۇپ تايچاقنى كۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار دوستى تايچاق ئىشىكنى ئېچىشىغىلا چۇرقىرىشىپ توۋلاپ كەتتى.

تايچاق... تايچاق...
ئەھۋالىڭ قانداق؟
ھايات گۇللىرىڭ،
چاچسۇن خۇش پۇراق.

تايچاق دوستلىرىنى ئۆيىگە باشلاپ ئۇلارنى ئىسىل نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى. دوستلار كەڭ ـ كۇشادە يەپ ـ ئىچىپ، ساز چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۇزاققىچە كۆڭۇل خۇشى قىلىشتى، قانغۇچە مۇڭداشتى.

بىر چاغدا موزاي دوستلىرىنىڭ غەلۋىسىنى بېسىقتۇرۇپ دېدى:

— دوستۇم تايچاق، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن. دوستلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ياخشى تىلەك، چەكسىز بەخت تىلەپ نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەپتۇ. قوبۇل قىلغايسەن. مە، مەن چوكا مۇز ئېلىپ كەلدىم... ھازىر يەۋال...

— ھەشقاللا ئاداش، رەھمەت ساڭا، ھېلى ئانام كەلگەندە يەي.

— مە، مەن مېۋە ئېلىپ كەلدىم...

— رەھمەت تەخەي، سېنى بەك ئاۋارە قىلىپتىمەن. ئانام مېۋىگە بەك ئامراق ئىدى.

— مە، تايچاق، ماۋۇ شاكىلاتنى يە، ئۇرۇقىنى تۆكۈۋەت جۇمۇ...

ھەيىار ئوغلاقنىڭ سۆزى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. تايچاق ھەممە دوستلىرىنىڭ سوۋغاتلىرىنى بىر- بىرلەپ تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇلارغا كۆپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

— كېلىڭلار دوستلار، بىر پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى...

— تايچاق كېلە سەن ئوتتۇرىدا تۇر...

— يوغان كۆز بوتىلاق كىچىككىنە فوتو ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ دوستلارنى رەتلەشكە باشلىدى.

— توختاڭلار، ئانام كەلگەندە چۈشەيلى، — تايچاق ئاران شۇنى دېيەلىدى. ھەممە ھەيران بولۇپ بىر- بىرگە قاراشتى.

— ئاداش، — دېدى بوتىلاق تايچاقنى نوقۇپ، — بايام دوستلار ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئانام بىلەن

يەيمەن دەپ ئېلىپ قويدۇق. ئەمدىلىكتە سۇرەتكە چۈشەيلى دېسەك، يەنە ئانامنى ساقلايلى دەيسەن، ئاناڭنى نېمىشقا ساقلايمىز. جۇرە ئاداش...

بوتىلاق تايچاقنى دوستلارنىڭ سېپىگە تارتتى. بۇ چاغدا تايچاقنىڭ كۆزىدىن ئاللىبۇرۇن ئۇنچىدەك ياشلار قويۇلۇپ بولغانىدى.

— دوستلار، بىر ئىشنى ئېيتسام رەنجىپ قالماڭلار. بۈگۈنكى بۇ ئىشىمىز ئانچە قاملاشمىدى. بىز بۈگۈنكىدەك چاغدا ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئەمەس، بەلكى ئانىمىزنىڭ بىزنى تۇغقان كۈننى خاتىرىلەپ ئانىمىزغا سوۋغا بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن بىز...

دوستلار ئاستا جىمىپ، تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قېلىشتى.

— كېلىڭلار دوستلار، — سۆزنى داۋاملاشتۇردى تايچاق دوستلىرىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — توغرا، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. ھەممىمىز خۇشاللىق ئىچىدە قىزغىن تەبرىكلەۋاتىمىز. ئويلاپ بېقىڭلار، بىز تۇغۇلغان ئاشۇ كۈنى ئانىمىز تولغاق ئازابىنى قانچىلىك تارتقان بولغىيتتى. بەلكىم ئاغرىقتىن يەر تىترەپ، ئاسمان پەسلىگەندۇ. ئانىمىز بىزنى توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ئاچچىق ئازابتا تۇغۇپ، مىڭ جاپادا قاتارغا قوشىدۇ. يېمەي ـ يېگۈزۈپ، كىيمەي ـ كىيگۈزۈپ بىر ئۆمۈر بىز ئۈچۈن پايپېتەك بولىدۇ. قېنى قايسىمىز بۈگۈنكىدەك ھەشەمەتلىك تۇغۇلغان كۈن زىياپەتلىرىدە ئاشۇ ئانىمىز ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز ئاچالىدۇق، ئۇنىڭ ئەجرىگە نېمە قىلىپ بېرەلىدۇق، قايسىمىز بۈگۈنكى كۈندە ماگىزىندىن ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس ئاشۇ بىچارە ئانىمىز ئۈچۈن سوۋغاتلىق ئالالىدۇق، ھېچقايسىمىز! ھەممىمىز ئۆز

شادلىقىمىز ئۇچۇن ئۇنى قاقشاتتۇق، ئۇنى ئۇنتۇدۇق. ئۇ بىزگە ئاتاپ ئالاھىدە كېسەل يۇتىنى سۆرەپ بازارغا چىقىپ، يېڭى ئوت-ياش، تاتلىق نان-ئاش ئېلىپ كىرىپ، بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنىش مەقسىتىدە تاماق تەييار قىلسا ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالمىدۇق. ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىدۇق. ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تولغاق ئازابىنى يەڭگىلىلىتەلمىدۇق. ئەكسىچە ئۇنى تاشلاپ يىراق باغچىلارغا قاچتۇق...

بولدى دوستلار، مەنمۇ بۈگۈن مۇشۇ تۇغۇلغان كۈن جېدىلى تۈپەيلى ئانامنى جىق قاقشاتقان ئىكەنمەن. ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم. بىز ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى بىر ئانا، شۇ ئۇتلۇق ئانا مېھرى ئىكەن. بولدى بۈگۈندىن باشلاپ ھەممىمىز تۇغۇلغان كۈنىمىزنى ئەمەس، ئانىمىزنىڭ بىزنى تۇغقان كۈنىنى تەبرىكلەشكە ئادەتلىنەيلى. ئۇمۇ شادلىقتىن بەھرىمەن بولسۇن. ئۇمۇ جاپا-مۇشەققەتتىن بىر رەت يىراقلىشىپ راھەت باغچىسىنى ئايلىنىپ باقسۇن...

ھەممەيلەن تايچاقنىڭ سۆزىنى ئالقىشلاپ جىمىپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ بۈگۈن قىلغان، ئەتكەنلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى.

— تايچاق تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدى. بۇنى بۈگۈن ھېچقايسىمىز ئويلاپ باقمىغانىكەنمىز. مەنمۇ تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئانامنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەنىكەنمەن. مانا ئەمدى تايچاقنىڭ سۆزلىرىدىن قىلمىشىمنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، خىجىل بولۇۋاتىمەن. بۇندىن كېيىن مەنمۇ تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئەمەس ئانامنىڭ مېنى تۇغقان كۈنىنى خاتىرىلەيمەن.

دوستلار، ئانىلار ياشىسۇن...

ــ ياشىسۇن....

ــ ئانىلار شادلانسۇن...

ــ شادلانسۇن...

تايچاقنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانغان بۇ سۆزلەر قوزىنىڭ كۆچەيتىشى بىلەن ھويلىنى بىر ئالدى. ھەممە شادلىقتىن تايچاقنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتتى.

ــ شۇنداق قىلايلى، بۇندىن كېيىن ھەممىمىز تۇغۇلغان كۈنىمىزدە ئانىمىزنى خۇشال قىلايلى، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىزنى تۇغقان كۈننى ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى. جۇرۇڭلار، بايتال ھەدەمنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن سۇرەتكە چۈشمىز.

تايچاق ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى چۇرقىراشقىنىچە ھەيىيار ئوغلاققا ئەگىشىپ، بايتال ئانىنى ئىزدەپ ئېتىزغا چاپتى.

# ئارغىماقنىڭ پاراستى

(«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئىزىدىن)

چىن تۆمۈر باتۇر ئىۋۈدىن يەنە قۇرۇق قول قايتتى، ئۇ جاڭگالنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئۇۋلايدىغان جانىۋارلارنىڭ كۆنسايىن ئازىيىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ھاياتتىكى تىرىكچىلىك غېمى ئۇنى ساراسىمىگە سالدى. يېنىدىكى ئالتە جانغا ئوزۇقلۇق يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇردى.

ئۇ جاڭگالدىن شەھەرگە، ھېچبولمىغاندا ئوزۇقلۇق زاپىسى مول جايغا كۆچۈپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن، ئۇ كىچىكىدىن ئەركىن يايراپ ئۆسكەن بۇ جاڭگالنى تاشلاپ كېتىشكە زادى قىيمىدى. خۇددى باشقا جايغا بارسا كۆنەلمەيدىغاندەك، تېخمۇ بىچارە بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلدى.

ئۇ ئۇزاق ئويلاندى.

ئاخىرى يېنىدىكى جانىۋارلاردىن تىرىكچىلىك ھاياتىدا رولى بولمىغان، ئۆزىنى ئۆزى باقالايدىغان بىرىنى تەبىئەت قوينىغا، ئۆز ئەركىگە قايتۇرۇپ ئوزۇقلۇق ئىستېمال قىلغۇچىلار سانىنى كەمەيتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ جانىۋارلانى يېنىغا يىغىپ مەقسىتىنى ئېيتتى، قايسىسىنى كېمەيتىش توغرىسدا مۇلاھىزە ئۇيۇشتۇردى.

سۆز بېشىدا مەختۇمسۇلا:

— مېنىڭچە بوز ئارغىماق بىلەن ئالغۇر بۈركۈتتىن بىرىنى تەبىئەت قويىنىغا قايتۇرساقمىكىن. بوز ئارغىماق ئۆزۈقلۇقنى ھەممىمىزدىن كۆپ يەيدۇ. بىزدە ئۇ قىلغۇدەك كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، ئۇ بولمىسىمۇ بولار. يەنە بىر تەرىپى، ئاكام ئوزموخ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ ھالسىزلىنىپ ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇ ئاكامنى تاشلاپ كېتىپ يۈزسىزلىك قىلغان تۇزكور.

ئويلىشىمچە، ئالغۇر بۈركۈتنىڭ ئارىمىزدا رولى ئانچە يوقكەن ھەم ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، كۈچتۆگگۈر بولغاچقا، ئۆزىنى ئۆزى بېقىپ كېتەلەيدۇ، — دېدى.

— ياق، — دېدى كاپ - كاپ كۈچۈك سۆز باشلاپ، — باتۇرىمىز دېگەنىدەك، ئۆۋلايدىغان ئولجا ئارىلىقى كۈندىن - كۈنگە يىراقلىشىۋاتىدۇ. بوز ئارغىماق بولمىسا، ئۇ ئوۋ مەيدانىغا بېرىپ - كېلىشتە قىينىلىپ قالىدۇ. ئاچا قۇيرۇق بوز ئارغىماقنىڭ يالماۋۇزنى قوغلاپ يوقىتىش، ئوزموخ لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇشتە تۆھپىسى زور، ئالغۇر بۈركۈتمۇ بوز ئارغىماقتەك باتۇرىمىزنىڭ ئوۋ قىلىشىدىكى مۇھىم ھەمراھى، ئۇ كەتسە يىراقتىكى ئولجىنى كىم بايقايدۇ؟ قېنى ئارىمىزدىن قايسىمىز توشقاننى قوغلاپ تۇتالايمىز؟

— ئۇنىڭ ئۈستىگە — دەپ سۆز قىستۇردى پۈش - پۈش مۈشۈك، — مەختۇمسۇلا ئالغۇر بۈركۈتنىڭ رولىنى ھەممىدىن ئوبدان چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ئالغۇر بۈركۈت ئوزموخ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم خەۋىرىنى باتۇرغا يەتكۈزۈشتە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان. يالماۋۇزنى يوقىتىشتىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى بار. شۇڭا...

چىن تۆمۈر باتۇر بۇ مۇلاھىزىگە قايىل بولۇپ باش

لىشىپتۇ، مۇلاھىزىگە يەنە نەزەر ئاغدۇردى.

— ئۇنداقتا، كاپ ـ كاپ كۈچۈكنى قىسقارتساقمىكىن، — دېدى توخۇ.

— ياق، كونىلار «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دەپتىكەن. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ماڭا ھەمراھ بولۇپ دەرۋازىنى ياخشى بېقىپ كەلدى. ئۇ بىر مەسىلىگە ھەممىڭلاردىن ئەستايىدىل قارايدۇ، — دېدى چىن تۆمۈر باتۇر توخۇنىڭ پىكرىنى ئىنكار قىلىپ.

جانىۋارلار پەس كويغا چۈشتى.

— ئەمسە، توخۇنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوقكەن، — دېدى ئالغۇر بۈركۈت پەرۋاسىز.

— ئۇنداق قىلساق بولماس. توخۇ داننى ئاز يەيدۇ. بىز ئۇزۇقلۇق يەيمىز، لېكىن بىزدە ئۇنۇم يوق. توخۇ تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۇنىڭ ئىستېمال قىلغۇچىلىقىغا قاراپ ئىشلەپچىقارغۇچىلىق رولىنى چەتكە قاقساق قانداق بولىدۇ. ۋاقتى كەلسە ئۇ باتۇرىمىزغا ئوبدان بىر ۋاق غىزا بولۇشقا رازى بولىدۇ، — دېدى بوز ئارغىماق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېنىڭچە، پۇش ـ پۇشنى ئارىمىزدىن چىقىرىۋەتسەك. ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆزى جان ئېتەلەيدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار ھۇجۇم قىلسا دەرەخكە چىقىۋېلىپ ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ. ئۇنىڭ يالماۋۇزنى يوقىتىشتا قوم چاچقانلىقىنى نەزەرگە ئالمىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بالانى ئۇ ئۆزى تېرىغان. ئەگەر ئۇ چوڭگۇننى ئۆرۈپ، ئوتنى ئۆچۈرمىگەن بولسا مەختۇمسۇلا بىھۇدە ئازاب چەكمىگەن، باتۇرىمىز ئارتۇقچە چارچىمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ گۇناھى ھەممىدىن ئېغىر.

— ئۇنداقتا تازا ئادىللىق بولمايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى

بار. مەختۇمسۇلا باتۇرىمىزنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ پۇش - پۇشنى قوغلىمىغان بولسا، ئۇ كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەيتتى. پۇش - پۇش ئوزۇقلۇقتا باتۇرغا ئىغىرچىلىق سالمايدۇ. چاشقان تۇتۇش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئوزۇقلۇقىمىزنى قوغدايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشقا يېنىكلىك قىلماي، ھەممەيلەننى ئەتراپلىق كۆزەتسەكمىكىن، — دىدى ئالغۇر بۈركۈت بېشىنى چايقاپ.

جانۋارلار بىر - بىرىگە قاراپ قالدى. ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

بىر ھازادىن كىيىن كاپ - كاپ كۈچۈك جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— ئارىمىزدىكى ھەممەيلەننىڭ باتۇرىمىزنىڭ تىرىكچىلىك ھاياتىدا ئۆزىمىزگە يارىشا رولىمىز بار ئىكەن. يۇقىرىدا ئالغۇر بۈركۈت سۆزلەپ ئۆتكەندەك ھەممىمىزگە ساراسىمە، باتۇرغا دىشۋارچىلىق كەلتۈرگەن يالماۋۇزنى يوقىتىش جېڭى بىلەن ئوزموخ لەشكەرلىرى ئۇرۇشىدا مەختۇمسۇلانىڭ بىۋاستە جاۋابكارلىقى بار. ئۇ بەك ئۆز بېشىمچى، باتۇرغا ئىش تېرىپلا يۈرۈيدۇ. ئەگەر ئۇ باتۇرنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ پۇش - پۇشنى قوغلىمىغان بولسا ئوت ئۆچۈپ قالمايتتى. تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلەپ، ئىرىق بويىدا چاچ تارىمىغان بولسا، ئوز موخ لەشكەرلىرى بىلەن بىھۇدە قان تۆكۈلمەيتتى. باتۇرىمىزنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ، سەرسانلىق چۆلىدە تېنەپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئوز موخ شاھزادىسىدىن بولغان ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. پات ئارىدا بەلكىم ھەممىمىز قاتىلنىڭ شېرىكى بولۇپ تۈرمىگە سولىنىشىمىز مۇمكىن، — دەپ سۆزىنى توختاتتى.

— ئۇنداق بولسا مەختۇمسۇلانى...

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھەممە جانىۋار بىر تۇرۇپ چىن تۆمۈر باتۇرغا، بىر تۇرۇپ مەختۇمسۇلاغا قارىدى. مەختۇمسۇلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆڭلى تەڭلىك ئىچىدە تىتىلدىدى، باشقا جانىۋارلارنى قىسقارتاي دېسە ھەممىنىڭ تىرىكچىلىك جەريانىدا ئۆزىگە يارىشا رولى تۇرسا، ئەمدى مەختۇمسۇلانى قىسقارتىش... ھەي، مەختۇمسۇلانى قىسقارتاي دېسە قېرىنداشلىق مېھرى ئۇنى قىينايدۇ. لېكىن مەختۇمسۇلا ھەققىدىكى مۇلاھىزە ئەمەلىيەت. ئۇنداق قىلماي دېسە «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن.» چىن تۆمۈر باتۇر تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا بوز ئارغىماق:

ــ كۆپچىلىكنىڭ يەكۈنلىشىدىن قارىغاندا ھەممىمىزدىن مەختۇمسۇلانىڭ رولى يوقتەك، خاتالىقى كۆپتەك تۇرىدۇ. ھەممە مەخلۇقات خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سالماسلىقى ئۇنىڭ ئەركە ـ نايناق چوڭ بولۇپ قالغانلىقىدا، ئۇنىڭ بۇ خاتالىقىدا باتۇرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار، باتۇر ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپلا تەلەپنى قاتتىق قويغان بولسا، ئۇ بۇنچە ئۆز بېشىمچى بولۇپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولۇشى قېرىنداشلىق مېھرى ئۈچۈن، بىز ئۈچۈن. ئۇ قېرىنداشلىق مېھرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ ئېسىلزادىلەر ئارىسىدىكى راھەت ـ پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ، بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەن. ئەمدى ئۇنى يەنە قېرىنداشلىق مېھرىدىن جۇدا قىلساق ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايال كىشى. ئۇ ئازابلانسا باتۇرىمىزنىڭمۇ كۆڭلى بىئارام بولىدۇ. دىلى رەنجىيدۇ. ئۇ خاتالىق سادىر قىلغان بولسا يالماۋۇز تەرىپىدىن قىينىلىپ ئاغرىق ئازابى تارتتى. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ يات ئەلدە سەرسان ـ

سەرگەردان بولدى. بۇ تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جازاسى، — دېدى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ خاسىيەتلىك ئالمىنى ئېلىپ كېلىپ باتۇرىمىزنىڭ كۆزىنى ئاچمىغان بولسا، بىزنىڭ قايتا جەم بولۇشىمىزمۇ يوق ئىدى. مېنىڭچە بىز باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانى قايتا ئۇچراشتۇرۇپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى چاتقان ھېلىقى پادىچى يىگىتنى تاپايلى. ئۇ خېلى ياخشى يىگىتتەك تۇرىدۇ. ئەگەر مەختۇمسۇلا قوشۇلسا مەختۇمسۇلانى ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويساق، باتۇرمۇ سىڭلىسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. بىزمۇ بىر ھەمراھ قىسقارتىش نىشانىغا يېتىپ ئۇزۇقلۇقتا قىينالمايمىز، — دېدى.

بۇ مەسلىھەت ھەممىگە ياغدەك ياقتى. مەختۇمسۇلامۇ پادىچى يىگىتنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش، باشقا جانلىقلارنىڭ يېتەرلىك ئوزۇقلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. چىن تۆمۈر باتۇر تەگلىكتىن قوتۇلۇپ ھەممە بىرلىكتە ھېلىقى پادىچى يىگىتنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن ئالغۇر بۈركۈت ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ پادىچى يىگىتنى بايقىدى. چىن تۆمۈر باتۇر بوز ئارغىماققا مەختۇمسۇلانى مىندۈرۈپ، جانىۋارلارنى ئەگەشتۈرۈپ، پادىچى يىگىتنىڭ قېشىغا ماڭدى.

# ئانا توشقان بىلەن بالا توشقان

روزا ھېيت بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى ئانا توشقان خۇشال ھالدا يورۇق، ئازادە يېشىل كەپىسىدە ئوماق قىزى ئاق بوجەن بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز پۈتۈن دىققىتى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىغا مىختەك تىكىلىپ ئولتۇرغان ئاق بوجەن قورققىنىدىن ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتتى. چۈنكى، تېلېۋىزور ئېكرانىدا غايەت زور بىر غەلىتە مەخلۇق خۇددى ئۇنى ھاپ قىلىپلا يەۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. تۇغۇلۇپ مەكتەپكە كىرگۈچە بۇنداق چوڭ، قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغان ئاق بوجەن ئارانلا كۆزىنى يۇمۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ئانا توشقانغا ئوماق قىزىنىڭ بۇ قىلىقلىرى غەلىتە تۇيۇلۇپ، ئاق بوجەندىن سورىدى:

ئەدىڭ قىزىم بوجەنچاق،
ھايۋانلارغا بەك ئامراق.
نېچۈن ئەمدى كۆرمەيسەن،
بولۇپ قاپسەن قورقۇنچاق؟

...

ئاق بوجەن كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدا چىققان ھېلىقى مەخلۇقنى كۆرۈپ قورققىنىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئانىسىدىن ئاستا سورىدى:

ئېيتە ئانا بايامقى،
كۆرۈنگىنى قاي هايۋان؟
ئاجايىپ چوڭ مەخلۇقكەن،
بىلىشۋالاي مەن ئوبدان.
......

ئانا توشقان ئوماق قىزىنىڭ بايا تېلېۋىزور ئېكرانىدا چىققان دىنازاۋۇرنى كۆرۈپ شۇنداق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— قىزىم، بايام سەن تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرگەن ئۇ مەخلۇق بۇنىڭدىن 100 نەچچە مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا ياشىغان دىنازاۋۇر بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا دىنازاۋۇر ترىياس دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىدە پەيدا بولغان. ئەينى زامانىدىكى يۇرا دەۋرى ۋە بور دەۋرىدە هاياتلىق ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ دەۋرلەر ئوتتۇرا هاياتلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. دىنازاۋۇر مۇشۇ دەۋردىكى جاهاننىڭ هۆكۈمرانى. شۇڭا، بايام بىز ئېيتىپ ئۆتكەن ئوتتۇرا هاياتلىق دەۋرى كۆپىنچە هاللاردا «دىنازاۋۇر دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. دىنازاۋۇر بىرخىل ئۆمىلىگۈچى هايۋان بولۇپ، ئۇمۇ ئومۇرتقىلىق هايۋانلار جەمەتىنىڭ ئەزاسى هېسابلىنىدۇ.

دىنازاۋۇرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ هەممىلا يېرىدە ياشىغان. ئامېرىكىلىق مەشهۇر ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى ئىساك ئاسىموۋ «دىنازاۋۇر هەممە يەردە بار» دېگەن ماقالىسىدە دەسلەپكى دىنازاۋۇر تەخمىنەن 225 مىليون يىل ئىلگىرى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ هەممىلا يېرىگە تارقىلىپ ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، تەخمىنەن 200 مىليون يىل ئىلگىرى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تۆت بۆلەككە پارچىلىنىشىدىن دۇنيانىڭ هەممە يېرىگە تارقالغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان. ئافرىقا ۋە جۇڭگو...

قاتارلىق دۆلەتلەر داڭلىق دىنازاۋۇر يۇرتى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە داڭلىق دىنازاۋۇردىن ماڭېنشى دىنازاۋۇرى، ياللىك دىنازاۋۇرى ۋە شەندۇڭ گىگانت دىنازاۋۇرى قاتارلىقلار ياشىغان. ئۇ زامانلاردا دىنازاۋۇرلارنىڭ تېنى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئېغىرلىقى نەچچە ئون تونناكېلىدىكەن. چوڭلىرى تامدەك بولۇپ ئەڭ كىچىكلىرىمۇ توخۇدەك چوڭلۇقتا ئىكەن. مەسىلەن: قۇشسىمان دىنازاۋۇر...

ئادەتتە دىنازاۋۇرلارنىڭ تۈرلىرى تولىمۇ كۆپ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار گۆشخور دىنازاۋۇرلار ۋە ئوتخور دىنازاۋۇرلار دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. دىنازاۋۇرلارنىڭ ھەممىسى تۇخۇم ئارقىلىق كۆپەيگەن. تېرىسىدە قاسراق ياكى سۆڭەك پىلاستىنكىسى بولغان. ھازىر ئۇنىڭ نەسلى تامامەن قۇرۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنى بىز تۈگۈل ئۇلۇغ بوۋاڭمۇ كۆرگەن ئەمەس. دىنازاۋۇرلارنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش مەسىلىسىدە بۇندىن تەخمىنەن 65 مىليون يىللار ئىلگىرى، يەرشارىدا غايەت زور سوقۇلۇش يۈز بېرىپ، نۇرغۇن چاڭ ـ توزانلار يەر يۈزىنى قاپلىۋالغان. ئاقىۋەتتە ناھايىتى ئۇزاق مەزگىلگىچە يەر شارىغا كۈن نۇرى يېتىپ كېلەلمىگەن. بەلكىم شۇ چاغلاردا يەر شارىدا دىنازاۋۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن جانلىقلار ھالاك بولۇپ، نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

قىزىم، دىنازاۋۇر بىلەن يەنىمۇ تەپسىلىي تونۇشۇشنى خالىساڭ ئىساك ئاسىموۋنىڭ دىنازاۋۇر توغرىسىدىكى ھېلىقى ماقالىلىرىنى بىر قېتىمدىن ئوقۇپ چىققايسەن. بولىدى، داداڭنىڭمۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. جۈر قىزىم، كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلايلى.

ئاق بۆجەن ئانىسىدىن دىنازاۋۇر توغرىسىدىكى بۇ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ دىنازاۋۇرلارنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش سەۋەبىنى بىلىۋالدى ۋە ئانىسىغا ئەگىشىپ ئاشخانىغا ماڭدى.

# ھۇۋقۇش بىلەن ھۆپۇپ

بۇرۇن ھۇۋقۇش بىلەن ھۆپۇپ ئاتا بىر، ئانا باشقا قانداش تۇغقانلاردىن بولۇپ، ھۇۋقۇش ئانىسىغا ئۆگەي بولغاچقا، ئۆگەي ئانا دائىم ئۆز ئوغلى ھۆپۇپنى ئەزىزلەپ، ھۇۋقۇشنى تولىمۇ خارلاپتۇ. ئۆگەي ئانا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ياخشىسىنى ئۆز ئوغلى ھۆپۇپكە بىرىپ ئاشقىنىنى ھۇۋقۇشقا بېرىپتۇ. ھۆپۇپنىڭ رەڭگارەڭ يېپەك - ئەتلەستىن كەشتىلەنگەن ئېسىل تون - پەرىجىلىرى كۆزنى قاماشتۇرسا، بىچارە ھۇۋقۇشنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن، ساناقسىز ياماق چۈشۈپ كۆمەچتەك قېتىپ كەتكەن كونا چاپانلىرى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپتۇ.

ئۆز ۋاقتىدا ئانىسى ھايات چېغىدا چېكىسىگە توپا قونمىغان، مەڭزى ئانارەدەك قىزىل، چېھرى ئالمىدەك پارقىراق بۇ بالىنىڭ ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن بۇگۈنكى ھالىنى كۆرگەن قولۇم - قوشنىلار ئۆگەي ئانىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ ئۇنىڭغا چەكسىز لەنەت ئوقۇشۇپتۇ.

ۋاي، ۋاي بالا، ... ۋاي بالا،
ئانىسى باردا ئاي بالا.

ھۆسنۈڭ تۈزۈپ بولۇپسەن،
بۆگۈن مانا لاي بالا.

ۋاي ئازازۇل تۇل خوتۇن،
مال- دۇنياغا گول خوتۇن.
بۇمۇ سىنىڭ بالاڭغۇ،
سەل مېھرىبان بول خوتۇن.
...

دېمىسىمۇ ئۆگەي ئانا بەكمۇ ئازازۇل، تاش يۈرەك بولغاچقا ھۈۋقۇشنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈندىن باشلاپلا، ئائىلىدىكى پىياز ئاقلاشتىن تارتىپ يىراق جاڭگالدىكى تۇغان ساقلاشقىچە ھەممە ئىشنى ھۈۋقۇشقا قىلدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتى دېگۈدەك جاڭگال بىلەن ئۆي ئارىسىدىكى يىلان باغرى چىغىر يولدا قاتراش بىلەن ئۆتۈپتۇ. ھۆپۈپ بولسا تالادا لاغايلاپ ئويناپ كۈننى كەچ قىلىپتۇ. لېكىن، ئائىلىدە ھامان «ئۆيدە ياتقان گەردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە» دېگەندەك ياخشى ئىشنىڭ ھەممىسىگە ھۆپۈپ ئىگە بولۇپ ئالقىشلىنىپتۇ. ئەسكى ئىش بىردەك ھۈۋقۇشقا ئارتىلىپ قارغىش ئاپتۇ.

يا ئۆلمىدىڭ يېتىمەك،
ئىدىڭ ماڭا بى كېرەك.
تۇراي دېسەڭ بۇ ئۆيدە،
ئىشلە بولۇپ پايپېتەك.

سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتقىن،
ماڭا قۇلدەك ئەسقاتقىن.

جۇۋاينىمەك چاققان بول،
تام ئۇچاققا ئۇت ياققىن.

ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئۆگەي ئانىسى بىلەن بىرگە قالغاندىن بېرى مۇشۇنداق ئاشقان ـ تاشقانغا، ئاچچىق دەشنامغا مۇپتىلا بولۇپ كۆنۈپ قالغان ھۇۋقۇشنىڭ كۆنى دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئۆتۈپ، قاچانكى بىر چاغلاردا دادىسى ئېلىپ بەرگەن كاكچا ناندەك نېپىز، ئالىقىنىدەك كىچىك چۆچەك كىتابىدىن ئوقۇپ ئۆگىنىۋالغان:

ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى،
نان بەرسە كۆيۈك بەردى.
ئەجەبمۇ يامانىكەن،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى...

يېرىلىك تاشىم، يېرىلىك تاش،
جۇپ كۆزۈمدىن ئاقتى ياش.
غېرىبلىقتىن زېرىكتىم،
بولايلى بىز دوست ـ ئاداش.

دېگەن قوشاقلارنى يادلاش بىلەن كەچ بولۇپتۇ. ھۆپۈپ ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە كۈندىن ـ كۈنگە ھاكاۋۇرلىشىپ خورىكى يەنىمۇ يوغىناپ يۇرتىنى بېشىغا كىيىپتۇ. مەھەللىدىكى ئۆزى دېمەتلىك ياشلارنى يىغىپ كۈندە ھاراق ئىچىپ، بەڭ چېكىپ مەھەللىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ ئەلنى قاقشىتىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭدىن قاتتىق بىزار بولۇپتۇ. ھۆپۈپ تېخى ئۆزىچە دوستلىرىغا:

مەن بولسام ھۆپۈپ.
يەيمەن نارىن چۆپ.

ئۇينايمەن خۇشال،
مېنىڭ دوستۇم كۆپ.

مەن شۇنداق بىر قۇش،
يوق مەندە قورقۇش.
ئاكام ئەمەس ئۇ،
سالۋا باش ھۇۋقۇش.

دەپ ھۇۋقۇشنى مازاق قىلىپ ئۆزىنى ـ ئۆزى داڭلاپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپلا ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى ھۇۋقۇش قاتتىق زۇكامداپ يېتىپ قاپتۇ. لېكىن، ئازازۇل، تاش يۈرەك ئۆگەي ئانا ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ داۋالىتىش تۇگۇل، ئۇنى يالغاندىن يېتىۋالدى دەپ قاتتىق دۇمبالاپ، ئۇنى يەنە جاڭگالغا قوغلاپتۇ.

ئاغرىق ئازابى بىلەن تاياق زەربىسىدىن يۈرىكى ئازار يېگەن بىچارە ھۇۋقۇش ئامالسىز يەنە پىيادە جاڭگالغا يول ئاپتۇ. يولبويى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان، ئەتكەنلىرىدىن بوغۇلۇپ يىغلاپتۇ. ئەترىگە ئۆزىنى مۇشۇنداق بىر باغرى تاش يالماۋۇز بىلەن قالدۇرۇپ قويغۇچە، ئۆز ۋاقتىدا مېھرىبان ئاتىسى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتمىگىنىگە قاتتىق نالە قىلىپتۇ، بۇندىن كېيىن جاڭگالدىن قايتىپ كەلمەسلىك نىيىتىگە كېلىپ جاڭگالدا ماكانلىشىپ قاپتۇ.

ئازازۇل خوتۇن ھېلىقى كۈنى بىچارە ھۇۋقۇشنى جاڭگالغا يولغا سېلىپ قويغانچە ئۇنىڭ ھېچ ئىز ـ دېرىكىنى قىلماپتۇ. ئەكسىچە ھۇۋقۇشنىڭ جاڭگالدىن قايتىپ چىقمىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلىقىغا دىللىرى يايراپ كېتىپتۇ.

ئۆگەي ئانا يايراش بىلەن، ھۆپۈپ بالا ئويناش بىلەن كۈنى كەچ قىلىپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئۆگەي ئانا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ

قاپتۇ. لېكىن، ئەقىلسىز ھۆپۈپ ھېچنېمە بولمىغاندەك دوستلىرى بىلەن خۇشال يايراپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئاتا- ئانىسىدىن قالغان ئوزۇق- تۈلۈك، مال- مۈلۈكنىڭ يەيدىغىنىنى يەپ، خەجلەيدىغىنىنى خەجلەپ قاق سەنەم بولۇپ قالغاچقا ئانىسى باردا بىكار لاغايلاپ يۈرۈپ، تەييارنى يەپ كۈننى كەچ قىلغان ھۆپۈپكە ئەمدى كۈن ئالماق تەسكە توختاپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا بىللە ئوينىغان دوستلىرى ئەمدى ئۇنىڭغا يېقىن يولىماپتۇ. يۇرتتا ئۇنى ھېچكىم ئارىغا ئالماپتۇ، ھالىغا يەتمەپتۇ. دەردىنى سورىماپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەسكى مىجەزى، ھاكاۋۇرلۇقى تۈپەيلى ئەلنىڭ ھۆرمەت نەزىرىدىن يىقىلغان بىچارە ھۆپۈپ ئاخىرى سىرتقا چىقالماي ئۆيگە بەند بولۇپ يېتىپتۇ. ئۇ كىچىكىدىن ھۇرۇن چوڭ بولغاچقا ئۆيىنى بىرەر رەت سىيرىپ سۈپۈرمەپتۇ. كىيىمنى يۇيۇپ ئالماشتۇرماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆپۈپنىڭ ئۆيىدىن تارتىپ تېنىغىچە ھەممىنى سېسىق پۇراق بىر ئاپتۇ. شۇندىن بېرى ھۆپۈپنىڭ تېنى سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ھۇۋقۇش شۇ كەتكەنچە جاڭگالدا ماكانلىشىپ قاپتۇ. ئۇگەي ئانىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قىلىپ، ياندۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كېچىسى ھەرىكەتلىنىپ ئادەتلىنىپتۇ. بۈگۈنكى كۈنلەردە ھۆپۈپ ئەينى چاغدا ئازازۇل ئانىسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ھۇۋقۇشقا قىلغان تۆھمەت- ئاداۋەتلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئاق كۆڭۈل ئاكىسى ھۇۋقۇشنى سېغىنىپ مۇنداق سايرايدىكەن.

ھۆپۈپ... پۈپ كۇش،
بولۇپ قالاي خۇش.
بىللە ياشايلى،
قايتىپ كەل ھۇۋقۇش.

# خاسىيەتلىك ئالما

بۇرۇنقى زاماندا ئېلى خانلىقىنىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر كۆجۈم مەھەللىدە بىر ئانا سادىر ئىسىملىك يالغۇز ئوغلى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ئانا ئوغلى سادىرغا شۇنچىلىك ئامراق ئىكەنكى، ئۇنى بىر مىنۇتمۇ يېنىدىن ئايرىمايدىكەن، ئوغۇلمۇ ئانىغا شۇنچىلىك ۋاپادار ئىكەنكى، ئانىسىنىڭ سەمىگە سالماي، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى ـ بېرى بولمايدىكەن.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن خۇشال ـ خۇرام، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىر يىلى كۈزدە، ئېلى خانلىقى سىرتقى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، خانلىق ئېغىر ھالاكەتتە، خەلق قاتتىق تالاپەتتە قاپتۇ، ئېلى خانى خانلىق تەۋەلىكىدىكى بالاغەتكە يەتكەن جىمى ئوغۇللارنى جەڭگە چىقىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇ كۈنلەردە قىرانلىق يېشىغا يېتىپ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغان سادىرمۇ ئەلۋەتتە جەڭگە چىقىشقا تەييارلىنىپتۇ. مېھرىبان ئانا ئوماق ئوغلىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسىمۇ، ئوغلىنىڭ ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا قەدەم قويغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئاقىۋول، تىنچ ـ ئامانلىق تىلەپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندە، گەرچە جەڭگاھتىن ئېلى پالۋانلىرى غەلىبە مارشىنى توۋلاپ، خەلققە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن

بولسىمۇ، لېكىن بىچارە ئانىغا يەتكىنى يەنىلا شۇم خەۋەر بولۇپتۇ. ئەسلىدە سادىر جەڭگە چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قېتىملىق ھۇجۇم سەپىرىدە قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، قوشۇنغا قايتىپ كېلەلمىگەن بولغاچقا، سەپداشلىرى ئۇنى خىيالەن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىۋەتكەنىكەن.

ئانا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ قازاغا بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ، ۋاپادار ئوغلىنىڭ پىراقىدا ئوغلىغا تەگىرىدىن شاپائەت تىلەپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يىغلاپتۇ، ئىككىلا كۆزى تۇتۇلۇپ يورۇق دۇنيانى كۆرۈشتىن مەھرۇم قاپتۇ.

ئارىدىن يىل ئۆتۈپ سادىر يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ، ئۇ ھېلىقى چاغدا قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالغانچە يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، باشقا ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەنىكەن.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قايتىدىن جەم بولۇپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئانا ئوغلى سادىرنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ ئۇزاق يىغلاپتۇ. سادىر ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ دەرد ـ پىراقىدا تولا يىغلاپ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، قاتتىق ئازابلىنىپتۇ، نېمىلا بولسۇن ئانىسىنىڭ كۆزىنى داۋالىتىپ، ئانىسىنى ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسىمۇ، رازى قىلىش قارارىغا كەپتۇ.

سادىر ئەتىسىدىن باشلاپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قاتراپ تېۋىپ ـ دورىگەرلەرنى ئىزدەپ ئانىسىنىڭ كۆزىنى كۆرسىتىپتۇ، مەسلىھەت ئاپتۇ. لېكىن ئۈنۈمى بولماپتۇ، ئانىنىڭ كۆزىنى كىملا كۆرمىسۇن داۋا يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئۈمىدسىزلەندۈرۈپتۇ....

كۈنلەر شۇ يوسۇندا تاڭ ئېتىپ شۇ يوسۇندا كەچ بولۇۋېرىپتۇ. «تىلسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، سادىر بۇ قېتىم كاتتا بىر تېۋىپقا يولۇقۇپتۇ. تېۋىپ سادىردىن ئانىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

ئۇنىڭغا دەپتۇ:

ــ ئى ئوغلۇم، ئانىڭىز سىزنىڭ دەردىڭىزدە تولا يىغلاپ كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالدى. قانداق ئامال قىلساق بولار؟...

ــ ئى ئوغلۇم، ئانىڭىز سىزنىڭ دەردىڭىزدە تولا يىغلاپ كۆز تۇتۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. بۇ خىل كېسەللىكنى تېبابەتتە «جۇدالىق كېسىلى» دەيمىز. بۇ خىل كېسەللىك كىشى ئەڭ ئامراق، ئەڭ يېقىن ھەمراھىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالسا پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەلگە دۇنيادا داۋا يوقمۇ ئەمەس. داۋا ئىزدەنگۈچىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىخلاسىغا باغلىقتۇر. كىچىك ۋاقتىمدا ئۇستازىم ماڭا بۇ خىل كېسەللىك ھەققىدە مۇنداق بىر پارچە قىلىپ بەرگىنى ئېسىمدە.

تېۋىپ بوۋاي سادىرغا چىن تۆمۈر باتۇر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بەرگەچ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئۆز ۋاقتىدا چىن تۆمۈر باتۇرمۇ سىڭلىسى مەختۇمسۇلادىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاق كۆڭۈل سىڭلىسىنىڭ ئىشقىدا تولا يىغلاپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغانىكەن. كېيىن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئالمۇتا تەرەپتىن دەمدۇ ئىشقىلىپ بىر ياقتىن بىر تال ئالما ئېلىپ كېلىپ ئاكىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتكەنىكەن، شۇ ھامان باتۇرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، ئاكا ـ سىڭىل قايتىدىن جەم بولۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى بەخت ـ سائادەتتە ئۆتكۈزۈپتىكەن.

سادىر بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

ــ جېنىم بوۋا، سىلىدىن ئۆتۈنەي، بۇ ئالمىنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىلە، ئانام...

ــ ئوغلۇم، ئالدىراپ كەتمە، بۇ خاسىيەتلىك ئالمىغا ئېرىشىش

سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ئۇنى تېپىش ئاسان بولىدىغان بولسا، سەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسەن. چۈنكى، ئۇنى ئاللىبۇرۇن باشقىلار ئېلىپ بولغان بولىدۇ، بۇ سەندىن قورقماس جاسارەت، يۈكسەك پاراسەت، ئۆلمەس ھىدايەت تەلەپ قىلىدىغان ئىنتايىن مۇشكۇل ئىشتۇر... بولدى، ئارتۇقچە كۈچ ئىسراپ قىلماي ئاناڭنى ياخشى بېقىپ ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئال، شۇ ھەممىگە كۇپايە... — دەپتۇ تېۋىپ بوۋاي سادىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ.

— ياق، بوۋا. ئانام ئۇچۇن بار-يوقۇمدىن، ئىسسىق جېنىمدىن كېچىشكە رازى مەن. بىچارە ئانام مېنى يازنىڭ دىمىق تۈنلىرىدە، قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە گاھىدا ھاپاشلاپ، گاھىدا باغاشلاپ مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلدى. رەھمەتلىك دادامنىڭ يوقلۇقىنى ئەسلا چاندۇرمىدى. دادا دېسەم دادا، ئانا دېسەم ئانا بولۇپ، ياشلىق باھارىنى مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن، مېنىڭ شادلىقىم ئۈچۈن خار قىلدى. جېنىم بوۋا، مەن ئانامغا قەرزدار، مەن ئانامنىڭ تاتلىق مېھرىگە، ئوتلۇق سۆيگۈسىگە قەرزدار... جېنىم بوۋا، جېنىم بوۋا، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا خاسىيەتلىك ئالمىغا ئېرىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇڭ، بىچارە ئانامنىڭ كۆزىنى ئاچاي، ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلاي. ئانام قايتىدىن بۇ بەختىيار ھاياتنىڭ، گۈزەل تەبىئەتنىڭ ھۆسنىدىن بەھرىلەنسۇن، ئەينى چاغدا زۇلمەت تېشىدا ئېزىلگەن قەلبى بوگۈنكى باياشاتچىلىقنى كۆرۈپ سۆيۈنسۇن! قاقاقلاپ كۈلۈپ شادلانسۇن! جېنىم بوۋا، جېنىم بوۋا... — سادىر تېۋىپ بوۋايغا ئېسىلىپ ھۆك-ھۆك يىغلاپتۇ.

سادىرنىڭ ئانىسىغا بولغان چەكسىز ۋاپادارلىقىدىن تەسىرلەنگەن

تېۋىپ بوۋاي، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— بوپتۇ، ئوغلۇم. ئاناڭغا بولغان ۋاپادارلىقىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، خاسىيەتلىك ئالمىغا ئېرىشىشىڭنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرەي، ئاناڭنىڭ كۆزىنى داۋالاپ مۇرادىڭغا يەتكەيسەن. دۇنيادىكى بارچە ئوغۇل سەندىن ئەندىزە ئالغاي...ئوغلۇم، يۇقىرىدا ساڭا سۆزلەپ ئۆتكەن بايانلاردىكى مەختۇمسۇلا ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن تېكەس تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جاڭگالنىڭ كۈنچىقىش يېقىدا ياشايدىكەنمىش. يېقىندا ئاكىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇمىش. سەن ئەتە ئەتىگەن تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مەقسىتىڭنى ھېچكىمگە تىنماي سەپەرگە ئاتلان، مەنزىلىڭ توپتوغرا ئالتە ئايدا كۆز ئالدىڭدا ئاشكارا بولىدۇ. بېرىپ مەختۇمسۇلاغا تىلىكىڭنى ئېيت، ئاڭلىشىمىزغا قارىغاندا مەختۇمسۇلا ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، خەير-ساخاۋەتچى، ئاجىزلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك ئايال ئىمىش، بەلكىم سېنىمۇ نائۈمىد قويماس... ئېسىڭدە بولسۇن، ئەتە سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى ئۇنتۇما، ئۇ ھامان ساڭا مەدەتتۇر...

تېۋىپ بوۋاي شۇلارنى دەپ، سادىر بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

سادىر ئەتىسى سەھەردە تېۋىپ بوۋاينىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ، ئاندىن خاسىيەتلىك ئالمىنى تېپىشنىڭ مۈشكۈل سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ.

سادىر سەپەرگە چىقىپ بىر! قېتىم قار يېغىپ، بىر قېتىم مۇز تۇتۇپتۇ. بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ ئانىسىنىڭ كۆزىنى داۋالاپ، مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلىغان سادىر

كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ مېڭىپ ئاخىرى تېكەس تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جاڭگالنىڭ كۈنچىقىش تېمىدىكى بىر قۇشام كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ، كەپە ئىشىكىگە باغلانغان ئىتنىڭ ئۇخلاۋاتقان پۇرستىدە ئاستا كەپە ئىچىگە كىرىپتۇ. كەپە ئىچىدە چىچى ياختىدەك ئاقارغان، بېلى قىسماقتەك ئېگىلگەن بىر موماي كونا تامدىكى مورا ئوچىقىغا ئوت قالاپ ئولتۇرغۇدەك. يېنىدا ئوغلاقتەك بىر مۈشۈك پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتقۇدەك...

سادىر كەپە ئىچىگە بىر پەس كۆز يۈگۈرتكەندىن، كېيىن بۇ كەپىنىڭ ئۆزى يەتمەكچى بولغان ئۈمىد مەنزىلى ئىكەنلىكىنى، ئىشىكتىكى ئىت بىلەن كەپىدىكى مۈشۈكنىڭ ھېلىقى يىلى تېۋىپ وۋاي مەختۇمسۇلا ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندە ێپىنى قىلغان كاپ ـ كاپ كۈچۈك بىلەن پۈش ـ پۈش مۈشۈك ێكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەدەپ بىلەن مومايغا سالام بەجا ێەلتۈرۈپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم موما...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم. قاياقنىڭ باتۇرى سەن؟...

— مەن ئىلى خانلىقىنىڭ ئاددىي پۇقراسىدۇرمەن. ئۆزلىرى... — ادىر ئېھتىياتچانلىق بىلەن مومايدىن سوراپتۇ، — ئۆزلىرى، تەرىپ ـ تەۋسىيى يەتتە ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن مەختۇمسۇلا ومامىمكىن؟...

موماي سادىرغا باشتىن ـ ئاخىر بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن اۋاب بېرىپتۇ:

— شۇنداق، مەن يەتتە ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن چىن تۆمۈر اتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا بولىمەن، يىگىت، ئادەم ئايىغى

بېسىلمىغان بۇ چۆلگە كېلىشىڭدىكى مەقسىتىڭ نېمىكىن؟...

سادىر مومايغا مەقسىتىنى ئېيتىپ، ئۆزىدەك بىر يېتىم ئوغۇلنىڭ بېشىنى سىلاپ مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. موماي سادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭمۇ ئۇز ۋاقىتىدا ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغاندا چەككەن قايغۇ ـ نادامەتلىرىنى ئويلاپ، تارام ـ تارام يىغلاپتۇ ۋە، سادىرغا دەپتۇ:

ــ ئى ۋاپادار يىگىت، موماڭدا شۇنداق بىر خاسىيەتلىك ئالمىنىڭ بولغانلىقى راست، ئۇ ئالمىنى ماڭا ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن ئىككىمىز ئايرىلىپ كېتىپ غۇلجىنىڭ ئالملىق باغلىرىدا تېنەپ يۈرگەن چېغىمدا بىر باغۋەن بوۋاي ھەدىيە قىلغان. لېكىن، بۇ خاسىيەتلىك ئالما ھازىر.. ــ موماي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. سادىر مومايىنى ئالمىنى بېرىشكە كۆزى قىيمىغان چېغى دەپ ئويلاپ:

ــ بولدى، موما. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. خالىسىڭىز ئالمىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ، مېھرىبان ئانامنىڭ كۆزىگە بىر سۈرۈۋېلىپ قايتۇرۇپ بېرىمەن، بېرىشنى خالىمىسىڭىز مەن يۇرتۇمغا بېرىپ ئانامنى ئېلىپ كېلەي ئۆزىڭىز بىر قېتىم، پەقەتلا بىر قېتىم سۈرۈپ قويۇڭ؟... ماقۇلمۇ موما؟... سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي... جېنىم موما؟

ــ ئاناڭنىڭ كۆزى كۆرمىسە قانداق ئېلىپ كېلىسەن؟ ــ موماي سادىردىن سوراپتۇ.

ــ ھاپاش قىلىپ ئېلىپ كېلىمەن.

ــ مۇساپەڭ ئۇزاق، ئارىلىق يىراق تۇرسا؟... ــ موماي سادىردىن ياندۇرۇپ سوراپتۇ.

— ئانامنى يۇدۇۋالسام، ئالتە ئايلىق يول بىر كۈنچە بىلىنمەيدۇ. ئانامنىڭ كۆزى ئېچىلىدىغان بولسا ئۇنى بىر ئۆمۈر ھاپاش قىلىپ يۈرۈشكە رازى مەن. قوشۇلسىڭىز ھازىرلا يۇرتۇمغا ياناي.

موماي سادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان چەكسىز كۆيۈمچانلىقىدىن قاتتىق سۆيۈنۈپ، دەپتۇ:

— ئوغلۇم، ئاناڭغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىڭ ئالدىدا بىر ئالما ئەمەس بىر باغنىڭ ئالمىسىنى دېسەڭمۇ بېرىشكە رازىمەن. ئاناڭغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىڭ ئىلى دەرياسىدەك مەڭگۈ ئۆركەشلەپ، بوغدا كۆلىدەك ئەبەدكە قۇرۇمىغاي، شۇ تاپ مەن تولىمۇ خىجىلمەن. ساڭا راست گەپ ئېيتسام، ئۇ خاسىيەتلىك ئالما ھازىر مېنىڭ قولۇمدا ئەمەس...

سادىر مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يىلى چىقىپ كەتكەن تۇپتەك بوشاپلا كېتىپتۇ. موماي سادىرنىڭ بۇ چۈشكۈن ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، ئۈمىدۋار بول. ئۈمىدۋارلىق ھامان سېنى تىلىكىڭگە يەتكۈزىدۇ. شۇنچە يولنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەنسەن مۇرادىڭ چوقۇم ھاسىل بولىدۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا بوۋاڭ چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن ئايرىلىپ كەتكەندىمۇ ئاكام بىلەن ھامان ئۇچرىشىدىغانلىقىمىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەنىدىم. ھېلىھەم ھايات مۇساپەم چېكىگە يەتتى. يەنىلا ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراۋاتىمەن. سەن ئىزدىگەن ئۇ ئالمىنى ئاكام رەھمەتلىك ۋاپات بولۇپ، ھەپتىدىن كېيىن يەتتە باشلىق يالماۋۇز بۇلاپ كەتكەن. ئاڭلىسام يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ئۇ خاسىيەتلىك ئالمىنى ئۆلۈپ كۆزۈم

يۇمۇلسا كۆزۈمگە سۈرۈپ قايتا ھاياتلىق يارىتىمەن، دەپ ساقلاپ كېلىۋېتىپتىمىش. ھازىرمۇ قىرىپ كۆزى تورلىشىپ قالغاچقا، ئۇ خاسىيەتلىك ئالمىنى كۈندە بىر قېتىم كۆزىگە سۈرەرمىش. سەنمۇ بىلىسەن، ئىنسان ھاياتقا بىر قېتىم كېلىدۇ. قايتا تىرىلىش مۇمكىن ئەمەس، كېيىنكى ئىشلار تەڭرىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ... خالىساڭ ئەتە سەھەردە كاپ ـ كاپ كۈچۈك بىلەن پۈش ـ پۈش مۈشۈكنى قېتىپ قوياي، ئالمىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ كېلىپ ئاناڭنىڭ كۆزىنى ئاچ. مۇمكىن بولسا ئاناڭ سۈپەت باشقا ئەمالارنىڭمۇ كۆزىنى ئېچىپ دۇئاسىنى ئېلىپ، توغراقتەك كۆكلىگەيسەن... ــ دەپتۇ.

ــ موما، ــ سوراپتۇ سادىر قىزىقىپ، ــ تېۋىپ بوۋام، ئۆز ۋاقتىدا چىن تۆمۈر باتۇر بوۋامنى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىنى كېسىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن دېگەنىدەك قىلاتتى. ئەمدىلىكتە...

ــ توغرا دېدىڭ ئوغلۇم، ئۆز ۋاقتىدا چىن تۆمۈر باتۇر بوۋاڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى يوقىتىپ خەلقنى چوڭ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. خاسىيەتلىك ئالمىنى بۇلاپ قاچقان يەتتە باشلىق يالماۋۇز بولسا، ئۆز ۋاقتىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ نەۋرىسى. ئەمدى ساڭا يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى قانداق جايلاشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرەي. يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتىنچى بېشىنىڭ چوققىسىدا ئۈچ تال ئاق چاچ بار. بۇ ئاق چاچلار دەل يەتتە باشلىق يالماۋۇز خاسىيەتلىك ئالمىنى يوشۇرغان ئۈچ غارنىڭ ئاچقۇچى. بىر ئامال قىلىپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ بېشىدىكى ئۈچ تال ئاق چاچنى قولغا چۈشۈرۈپ، بىر تالدىن كۆيدۈرسەڭ ئۈچ غار ئېچىلىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، بىرىنچى غاردىكى ئالما

يىلاننىڭ قېنىدا چايقالغان بولۇپ زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان زەھەرلىك ئالما. ئىككىنچى غاردىكى ئالما ئادەتتىكى ئالما خالىساڭ يەۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. ئۈچىنچى غاردىكى ئالما دەل سەن ئىزدىگەن خاسىيەتلىك ئالما شۇ. سەن ھەممە غاردىكى ئالمىلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، پەيت كۈتۈپ چوقۇم تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن بىرىنچى غاردىكى ئالما بىلەن ئۈچىنچى غاردىكى ئالمىنى ئالماشتۇرۇپ قوي. يەتتە باشلىق يالماۋۇز كۈندىلىك ئادىتى بويىچە تاڭغا يېقىن كۆزىگە ئالمىنى سۈرۈشكە كىرىدۇ، بۇ چاغدا يەتتە باشلىق يالماۋۇز چالا ئۇيقۇ بولغاچقا خاسىيەتلىك ئالما بىلەن زەھەرلىك ئالمىنى پەرق ئېتەلمەي، ھېلىقى يىلان قېنىدا چايقالغان ئالمىنى كۆزىگە سۈرىدۇ، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. مە، بۇ چىن تۆمۈر باتۇر بوۋاڭنىڭ مىسران قىلىچى، دەل شۇ پەيتتە ھايت دەپلا يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ تۆتىنچى بېشىنى چاپساڭلا يالماۋۇز تىنماي ئۆلىدۇ. چۈنكى، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ تۆتىنچى بېشىغا مەركىزىي نېرۋا سېستىمىسى ئورۇنلاشقان بولىدۇ، تۆتىنچى باش ئۈزۈلسە باشقا باشلارنى چېپىش ھاجەتسىز. بۇنى ماڭا ئاكام ئېيتىپ بەرگەن.

يەنە شۇنىمۇ سەمىڭگە سېلىپ قوياي، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئالامەت ھىيلىگەر. ئۇ ساڭا باھاردەك ئىللىق، ئەينەكتەك سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلان. ھە، راست، قاتتىق ئېھتىيات قىل، يەتتە باشلىق يالماۋۇز كاپ-كاپ كۈچۈك بىلەن پۈش-پۈش مۈشۈكنى كۆرۈپ قالمىسۇن، ئەگەر ئۇ بۇ جانىۋارلارنى كۆرۈپ قالسا تونۇۋالىدۇ. سىرىمىز پاش بولۇپ قېلىپ، ئالمىنى قولغا چۈشۈرۈش تۈگۈل، جېنىڭنى

ساقلىشىمۇ قىينغا چۈشىدۇ...

يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ تۇرار غارى مومايىنىڭ كەپىسىگە ئانچە يىراق بولمىغاچقا، سادىر چۈش پېشىنگە يېقىن غارغا يېتىپ كەپتۇ، كاپ ـ كاپ كۈچۈك بىلەن پۈش ـ پۈش مۈشۈكنى كەپىگە قايتۇرۇۋېتىپ غارغا كىرىپتۇ. غار ئىچى ئاجايىپ سۈرلۈك بولۇپ، پۈتۈنلەي ھايۋانات ـ ئۇچار قاناتلارنىڭ سۆڭەك ـ ئىسكىلىتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. سادىر غارغا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىۋېتىپ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئەمدىلا كەچلىك ئۇيقۇغا تۇتۇش قىلىپ ئورۇن راسلاۋاتقانىكەن. سادىر بىر ئاش پىشىم ۋاقىت كۈتۈپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇز قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە مىسران قىلىچ بىلەن شارت قىلىپ ئۇنىڭ يەتتىنچى بېشىدىكى ئۈچ تال ئاق چاچنى كېسىۋاپتۇ، بۇ چاچلارنى كۆيدۈرۈپ ھېلىقى ئالمىلار ساقلانغان ئۈچ غارنى ئېچىپتۇ، ھەمدە مومايىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىرىنچى غاردىكى ئالما بىلەن ئۈچىنچى غاردىكى ئالمىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، بىر قارا تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈپ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. دېگەندەك تاڭغا يېقىن شىرىن ئۇيقۇسىدىن ئاران ئويغانغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئۈچىنچى غارغا يۈگۈرگەنچە كىرىپ ھېلىقى زەھەرلىك ئالمىنى كۆزىگە سۈرۈپتۇ. ئالما سۈرۈلگەن ھامان يالماۋۇزنىڭ كۆزىنىڭ ئاقلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالماي، ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيان تاشلاپتۇ، سادىر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ تۆتىنچى بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ، باشقا باشلىرى ئۆزلۈكىدىن ساڭگىلاپ جان ئۈزۈپتۇ.

سادىر خاسىيەتلىك ئالمىنى قولغا چۈشۈرۈپ موماينىڭ يېنىغا كەپتۇ، موماي بىلەن خوشلىشىپ يۇرتىغا قايتىپتۇ. قايتىشدا موماي سادىرنىڭ چىن تۆمۈر باتۇردەك ئەل - ئاۋامنى ئويلايدىغان ئادەم بولۇشى ھەققىدە دۇئا - تەكبىر قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئارغىماق ئېتىنى مىندۈرۈپ قويۇپتۇ. ئارغىماق ئالتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ خاسىيەتلىك ئالمىنى ئانىسىنىڭ كۆزىگە سۈرۈپتۇ. بىچارە ئانىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئانىسى ئۈچۈن چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، خاسىيەتلىك ئالمىنى قولغا چۈشۈرگەن، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئارغىماق ئېتىنى مىنىپ، مىسران قىلىچىنى ئېسىپ يۇرتىغا قايتقان بۇ كىچىك سادىر كېيىنچە راستىنلا ئەل - ئاۋامنىڭ شىرمەت ئوغلى بولۇپ يېتىشىپتۇ، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ ئەل - جامائەتنىڭ ئالقىشىنى ئاپتۇ.

چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ھازىر بىز چۆچەكتە تەرىپ - تەۋسىپىنى بايان قىلغان كىچىك سادىر، نامى ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باش سەردارى، خەلق قوشاقچىسى باھادىر ئەزىمەت سادىر پالۋان شۇ ئىكەن.

# ھۆپۇپ پادىشاھ

بۇرۇن ھۆپۇپ ناھايىتى بىلىملىك، ئەھلى ـ ئۆلىما، دانىشمەن بىر قۇش ئىكەن. يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. ھۆپۇپمۇ دوستخۇمار، خۇش چاقچاق، چىقىشقاق بولغاچقا، توخۇ ـ خورازدىن تارتىپ، كالا ـ قوتازغىچە ھەممىنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولىدىكەن. باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىكەن. مەھەللىدىكىلەرمۇ يۇرتىدا ئۇنىڭدەك بىر كۆپنى بىلەر دانىشمەن سىردىشى بارلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىكەن.

كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز بۇ «كۆك ئورمان» مەملىكىتىنىڭ ئاقساقىلى سۇمۇرغ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنچە يىللاردىن بېرى، ئۆزلىرىگە باشپاناھ بولۇپ بېشىنى سىلىغان ئاق كۆڭۈل شاپائەتچىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان ئەل، بۇ قازاغا قاتتىق قايغۇرۇپتۇ.

كەتتى سۇمۇرغ شاھىمىز،
بىزنىڭ پەخرى، ماھىمىز.
يۈرەك قانداق چىدىسۇن،
ئاشتى قايغۇ ـ ئاھىمىز.
ھۆ... ھۆ... ھۆ

ئىدى بەكمۇ مۇلايىم،
ئەل ـ يۇرت دەيتتى ھەر دائىم.
ئوك كۆزىدە قارىغاي،
ئاغا دوستلار، ئىلاھىم.
ھۆ... ھۆ... ھۆ

ئىدى ئەلگە يار ـ يۆلەك،
يۇرتقا كۆيگەن ئوت يۈرەك.
باردى يۇرتتا ئەسكىلەر،
ئۈچ يىل ئۆلسە يەتكۈدەك.
ھۆ... ھۆ... ھۆ

ئۆز ۋاقتىدا بەزمە ـ مەشرەپ قايناپ، شادلىققا تولغان بۇ دالا سۇمۇرغ شاھ ۋاپات بولۇپ جىمىپلا قاپتۇ. قۇشلار سايرىماپتۇ. گۈللەر ئېچىلماپتۇ. ئاسمان سىم ـ سىم يىغلاپتۇ. ھەممە ھازا تۇتۇپ ئاق باغلاپتۇ.

ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتۈپ، ھەممە ئەمدى ئۆزلىرىگە يېڭى يولباشچى ئاقساقالنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئاق كۆكۈل كەپتەر بوۋاي يۇرتداشلارنى يىغىپ دەپتۇ:

دوستلار مۇنداق ئۆتمەيلى،
ئەلنىڭ مۇنداق گېپى بار.
چىغىدىمۇ كەتمەننىڭ،
تۇتىدىغان سېپى بار.

كېتىپ قالدى سۇمۇرغ شاھ،
بۇرۇن كەلگەن ئەجەلدىن.
ئۈچ ئادەمگە بىر باشلىق،
بولۇپ كەلگەن ئەزەلدىن.

ئەمدى يېڭى يولباشچى،
كېتەر بىزگە خالايىق.
ئويلاپ باقساق ياخشىراق،
بۇ ئورۇنغا كىم لايىق؟

كەپتەر بوۋاينىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، ھەممە دېيىشۋالغاندەك ھۆپۇپنى ئۆزلىرىگە يولباشچى شاھ قىلىشنى دېيىشىپتۇ، چۇرقىراشقىنىچە ھۆپۇپنى كۆتۈرۈپ سۇمۇرغ شاھنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. دانىشمەن ھۆپۇپمۇ ئەلنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ يۇرتداشلارغا ئوتلۇق ۋەدىلەرنى بېرىپ شاھلىق تون بىلەن تاجنى كىيىپ تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. ئاق - قارا يوللۇق ئۇزۇن شاھلىق تون بىلەن ئاق ماھۇتتا نەپىس تىكىلگەن شاھلىق تاج ئۇنىڭ ئېگىز بەستىگە كارامەت يارىشىپتۇ.

بولدى بىزگە باشپاناھ،
بۈگۈن ھۆپۇپ پادىشاھ.
سوقار ئەل دەپ يۈرىكى،
كۈندە گۈپ - گۈپ، پادىشاھ.
......

ئەل خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىشىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز

نەغمە ـ ناۋا قىلىپتۇ.

ئورمان خەلقىنىڭ كۆڭلىرى يەنە بۇرۇنقىدەك شاد ـ خۇرام، تىنچ ـ ئارام ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ھۆپۈپ پادىشاھمۇ يەنە ئاۋۋالقىدەك يۇرت ـ ماكانىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئەل ـ ئاۋامىنىڭ راھەت ـ پاراغىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، راھەت ـ پاراغەت، جاپا ـ مۇشەققەتتە ئەل بىلەن بىرگە بولۇپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ خەلقنى رازى قىلىپتۇ، يۇرتداشلارمۇ ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىدىن قاتتىق مەمنۇن بولۇشۇپتۇ.

يىل يىلنى قوغلاپ، ئىت پىلنى قوغلاپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، بۇ كۆك ئورمان مەملىكىتىگە كۆز تېگىپتۇ. ئەل ـ يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپتۇ. ھەممىنىڭ ئۈمىد گۈللىرى ۋاقىتسىز توزۇپتۇ. كونىلار «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە يەنە شۇ ئەل، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە يۆلەك بىلىپ تاغدەك ئىشەنگەن، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ئەقىدە باغلاپ ئوتلۇق ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ھۆپۈپ پادىشاھ سەۋەبچى بولۇپتۇ.

ھۆپۈپ پادىشاھنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئەل ـ ئاۋام باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆز ۋاقتىدا ئانا يۇرتنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەن ھىيلىگەر پاختەك يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ يۇرتداشلارنىڭ ھۆپۈپ پادىشاھنىڭ باشچىلىقىدا بۇنچە تېز ھاللىنىپ راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن ھەيران قاپتۇ، يۇرتداشلارنىڭ ھۆپۈپ پادىشاھقا بولغان ھۆرمەت ـ ساداقىتىگە قاتتىق ھەسەت قىلىپ يۇرۇپتۇ. ئولتۇرسا ـ قوپسا ھۆپۈپ پادىشاھ بىلەن يۇرتداشلار ئوتتۇرىسىغا بىرەر ئارازچىلىق سېلىپ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشنى، يۇرتتا بىرلىكلىكنى بۇزۇپ ئەل ـ ئاۋامنى ئۆزىگە بېقىندى قىلىشنى ئويلاپ پەيت كۈتۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئارامگاھىدا ئارام ئېلىۋاتقان ھۆپۇپ پادىشاھقا سالامغا كىرىپتۇ:

سالام شاھىم ھۆپۇپ خان،
تۇردىلىمۇ تىنچ ـ ئامان.
ئۆزگە يۇرتتا ئۆزلىرىنى،
ئويلاپ تۇردۇم ھەر قاچان.

سىلىدە بار ئادىللىق،
ئەل قەلبىگە مايىللىق.
ئوقچۇپ تۇرار يۈرەكتىن،
ئۆزلىرىگە قايىللىق.

پېقىر پاختەك، ئاددىي قۇش،
دەۋرانلىرىدىن ئەجەب خۇش.
ياشىسىلا تۈمەن يىل،
ئامەتلىرى بولسۇن قوش.

ھۆپۇپ پادىشاھ ھېلىگەر پاختەكنىڭ سۆزلىرىدىن مەستخۇش بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ دەپتۇ:

دوستۇم پاختەك خۇش كەپسىز،
يۈرەكلەرنى شاد قىلىپ.
تۇرغاندۇق كۈندە بىز،
سىزنى ئويلاپ ياد قىلىپ.

يۇرتىمىز راست گۈللەندى،
ئاۋام بولغاچ، ئەل بولغاچ.
بەخت بىزگە يۈزلەندى،
توققۇزىمىز تەل بولغاچ.

يۇرمەي قاتراپ يۇرتمۇيۇرت،
يۇرتىڭىزدا تۇرۇڭ سىز.
خالىسىڭىز قېشىمدا،
مەسلىھەتچى بولۇڭ سىز.

ئاق كۆڭۈل ھۆپۈپ پادىشاھ ھىيلىگەر پاختەكنىڭ نىيىتىنى بىلمەي، ئۇنى قېشىدا ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن خەلق ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقى چېچىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۈندە دېگۈدەك بىللە يۈرۈپتۇ. ھۆپۈپ پادىشاھمۇ ھەممە ئىشتا ھىيلىگەر پاختەكنىڭ ئېغىزىغا قارايدىغان، ھەممە ئىشتىن ئۇنى ئالدىن خەۋەردار قىلىدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە ھىيلىگەر پاختەك يۇرتداشلار بىلەن بوز يەر ئېچىشقا تەييارلىنىۋاتقان ھۆپۈپ پادىشاھقا دەپتۇ:

بولمىدى خان ئىشلىرى،
سىلى ئەلنىڭ بېشىغۇ.
بونداق بوز يەر ئەمگىكى،
بىزدەكلەرنىڭ ئىشىغۇ.

دەم ئالسىلا ئۆزلىرى،
يەر ئېچىشقا مەن باراي.

بۇندىن كىيىن ھاشارنىڭ،
ئەمگىكىگە مەن قاراي.

ھىيلىگەر پاختەكنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆيۈمچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن ھۆپۈپ پادىشاھ دوستى پاختەكنىڭ سۆزىگە ئاسانلا قوشۇلۇپتۇ. بۇ قىتىملىق ئەمگەككە پاختەكنى باش قىلىپ قويۇپ ئۆزى ئوردىدا قاپتۇ. ھىيلىگەر پاختەك ئۆزى كۈتۈۋاتقان كۈننىڭ ئاخىرى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، دوستلارنى بىر دۆۋىلۈككە يىغىپ:

گۇكۇك، گۇكۇك، گۇك،
دوستلار بىردەم شۇك.

بىزنىڭ ھۆپۈپ پادىشاھ،
قورقىدىكەن جاپادىن.
ئانچە رازى ئەمەسكەن،
بىز كۆرسەتكەن ۋاپادىن.

مەيلى يوقكەن ئۇنىڭكى،
بىزگە يولباش بولغىلى.
ئازلا قاپتۇ پۇل- مالغا،
خەزىنىسى تولغىلى.

بۇگۈنكى بۇ ئەمگەكمۇ،
ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى.
سىلەر ئۇچۇن كۆيۈنۈپ،
قىلغان گېپىم ئاقمىدى.

دىدى ئۇ ھەم سىلەرنى،
تۇغۇلما دۆت، ئەخمەقلەر،
ئۆزى ئىشلەپ يېيىشسۇن،
لازىم بولسا ئۇ خەقلەر.
...

ساختىپەز پاختەك ھۆپۈپ پادىشاھقا بىرمۇنچە بەتنام-قارىلارنى سۈۋاپ، ئۇنى يۇرتداشلارغا بىر ھازا چېقىشتۇرۇپتۇ. يۇرتداشلارمۇ ھۆپۈپ پادىشاھنىڭ بۈگۈنكى ئەمگەككە چىقمىغانلىقىغا قاراپ سەل ئىككىلىنىپ قاپتۇ. ئەمگەك شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ، شۇ يوسۇندا كۈن كەچ بولۇپتۇ.

ھىيلىگەر پاختەك بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن ھۆپۈپ پادىشاھقا مەلۇمات سۇنۇپ، يۇرتداشلارنىڭ غەيرەت-جاسارىتىنى، شاھ ئالىيلىرىغا بولغان رازىمەنلىكىنى، ئىغىزى-ئىغىزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ. ھۆپۈپ پادىشاھ ئەمگەكچان خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىكىدىن سۆيۈنۈپتۇ.

يۇرتتا ئىش-ئەمگەك، توي-مەرىكە قايناۋېرىپتۇ. ھۆپۈپ پادىشاھ ھېچقايسىسىغا قاتناشماي دەم ئېلىپ ئويناۋېرىپتۇ. ھەممە ئىشقا ئاساسەن پاختەك باش بولۇپتۇ، يۇرتداشلار بىلەن ھۆپۈپ پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى غەيۋەت-شىكايەت كۈنسېرى ئەۋج ئاپتۇ. ھۆپۈپ پادىشاھ بولسا ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز ئوردىدىن سىرتقا چىقماي، ئارام ئېلىپ يېتىپ، ئەل-ئاۋام بىلەن بۇرۇنقىدەك قويۇق ئارىلاشمىغاچقا، يۇرتداشلارغا ھېلىقى چاغدا پاختەكۋاي دىگەن گەپلەر راستتەك بىلىنىشكە باشلاپتۇ. بارا-بارا يۇرتداشلار ھۆپۈپ

پادىشاھنى ئۆزلىرىدىن قىچقىۋاتقاندەك، ئۆزلىرىگە باش بولۇشقا ھەقىقەتەن خۇشى يوقتەك ھېس قىلىپتۇ، يۇرتداشلارمۇ ئۇنى ئىزدەپ بارماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆپۈپ پادىشاھ بىلەن ئەل ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق، مېھرـمۇھەببەت ئوتى ئاستاـئاستا ئۆچۈپتۇ.

ھۆپۈپ پادىشاھ ئوردىسىدا شۇ ياتقانچە ئۇزۇن مەزگىل سىرتقا چىقمىغاچقا، ئۇنىڭ تېنى پۇراپ ھەممە ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ھىيلىگەر پاختەك مۇنداق قوشاق قېتىپ يۇرۇپتۇ.

ھۆپۈپ دەيدۇ كۇش، كۇش،
ئۇ ئاجايىپ سېسىق قۇش.
يېقىنلاشساڭ ئۇنىڭغا،
يوقاپ كېتەر سەندىن ھوش.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھۆپۈپ پادىشاھ ئۇستىدىكى چىرايلىق خانلىق تون ـ تاجنى، شۇ چاغدا كىيىپ ئوردىدا ئارام ئېلىپ ياتقانچە تا ھازىرغىچە كونا تامدا ئارام ئېلىپ يۈرگۈدەك. ئۇنىڭ كۇش. كۇش قىلىشى ئۆز ۋاقتىدا ھىيلىگەر پاختەكنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، پارلاق ئىستىقبالىنى خازان قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغىنى ئىكەن.

مەجمۇئە نامى: قىزىقارلىق چۆچەكلەر
كىتاب نامى: ئۇر توقماقنىڭ ئاقىۋىتى
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەخمەتجان ئابدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇنگۈل ياسىن
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇھەممەد قۇربانىياز
مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى: ئابلىمىت ئابلىز
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: ئەنۋەر قاسىم
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنبوۋېن باسما چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 5.125
نەشرى: 2011 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1423-7
ئومۇمىي باھاسى: 36.00 يۈەن (جەمئىي ئۈچ قىسىم)

ISBN 978-7-5469-1423-7
9 787546 914237 >
总定价：36.00元（全三册）

12.00